

سەيپىدىن ئەزىزى

# ئامانىساخان

مىللەتلەر نەشرىياتى

سەيپىدىن ئەزىزى

# ئاماننىساخان

(تارىخىي دراما)

مىللەتلەر نەشرىياتى

# ئىزاھات

1) ۋەقە 16 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، سۇلتان ئابدۇرىشىتخان دەۋرىدە بولغان. ۋەقەنىڭ ئاساسلىق يۈز بەرگەن ئورنى — يەركەن خانلىغىنىڭ مەركىزىي شەھىرى يەركەن.

2) ئەسەرنىڭ تۈپ مەقسىدى 16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، مۇتەپەككۇر، شائىرە، مۇغەننىي ئامانىيساخاننىڭ ئوبرازىنى ۋە كۈرەش پائالىيىتىنى كۆرسىتىش. ئامانىيساخان ئابدۇرىشىتخانغا تېگىپ، ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن، ئىلغار كۈچلەرگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ جىددىي كۈرەش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەپ ۋە تولۇقلاپ چىقىدۇ، ئۆزىمۇ بۇ جەرياندا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ۋە بىرمۇنچە ئەسەر يازىدۇ.

3) زىددىيەتلەر كۈرىشى: ئەسەردە شۇ دەۋرنىڭ زىددىيەت ۋە كۈرەشلىرى كۆرسىتىلىدى. ئاساسىي زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر: مۇستەبىتلىك بىلەن ئەركىنلىك ئوتتۇرىسىدا؛ دىنىي خۇراپاتلىق (ئىشانلىق) بىلەن ئۇنىڭغا قارشىلىق ئوتتۇرىسىدا؛ ئىلغار ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن ئۇنىڭغا قارشىلىق ئوتتۇرىسىدا (ئاساسەن مۇقام ئۈستىدە) بولىدۇ.

4) ئابدۇرىشىتخان ئومۇمەن ئىلغار، مەرىپەتچى ئادەم. ئۇ ئۆزى تەرەققىيپەرۋەر شائىر، مۇزىكىغا ھەۋەسكار بولۇپ، ئىلغار كۈچلەرنى قوللايدۇ، ئەمما، ئەكسىيەتچىل فېئودال كۈچلەرنىڭ

پىتىنە ـ ئىغۋالىرىغا ئالىدىنىپ، خەلقنى، ئىلىغار كۈچلەرنى باسىدۇ، كېيىن چۈشىنىپ پۇشايىمان قىلىدۇ ۋە ئىلغار تەدبىرلەرنى كورىدۇ.

5) سەئىىدىلەر دەۋرىدە ئىلغار مەرىپەتىچىلىك بىرقەدەر تەرەققى قىلىغان: ئىنسانپەرۋەرلىك، ئەركىنلىك، ئادالەتىلىك ۋە باشىقىلار. ئەلۋەتتە، بۇنداق تەرەققىيات ئۆز زامانىسىنىڭ فېودالىلىق تۈزۈمى رامكىسىدىن چىقالمىغان ئىسلاھاتچىلىق ئىدى. شۇنىداقتىمۇ ئۇ نىسپى ئىلغار تەرەققىيات ئىدى. بۇ تەرەققىيات ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە ياخشى ئىپادىلەنگەن. سەئىىدخاننىڭ، ئۇنىڭ ئوغلى ئابىدۇرىشتخاننىڭ ئۇ ئىلغارلىق بىلەن ئاكتىپ مۇناسىۋىتى بار. بۇ دىرامىمىدا مۇزىكا (مۇقام) مەركىزى نۇقتا قىلىنغانىلىغى ئۈچۈن مەرىپەتىچىلىك مەپىكۇرىلىرى توغرىسىدا جىق توخىتالمىدۇق.

6) غەزەل (ناخشا) تېكىستلىرىدىن بىرنەچچە غەزەل (بېيىت) تېكىستى تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئەسلى يازغانلىرى بولۇپ، بۇلار قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدى، قالغانىلىرى يېڭىدىن يېزىلىدى. يېزىشتا ئەسەردىكى مۇھىم پېرسوناژلار (ئالىم، ئەدىپلەر)نىڭ ئۆز دەۋرىدىكى مەپكورە ـ كەيىپىياتىلىرى، ئىستەكىلىرى ئاساس قىلىنىدى. تېكىست مەزمۇنىلىرى، ئاساسەن، مۇزىكا (مۇقام) شۇناسىلىق، ئەدىبىلىك، خەلقپەرۋەرلىك، پەندى ـ نەسىھەت سوزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسەر مۇزىكا (مۇقام)نى ئاساس قىلىغىنى ئۈچۈن، بەزى غەزەل (ناخشا) تېكىستلىرى مەزمۇن ۋە ئورۇن ياقىتىن ئانچە باغلانمايدۇ. ئەمما پۈتۈن ئەسەرنىڭ مەزمۇن ـ مەقسىدىدىن ئايرىلمايدۇ.

## روللاردا

ئاماننىساخان — مەلىكە، ئىدرەكلىك، ياش ئالىم، 20 ياشلاردا.

ئابدۇرىشىتخان — پادىشا، خەلقپەرۋەرلىك، ئادىللىق كوزقارىشى بار، شائىر، ئەمما مەيدانى لىگشىق، 35 ياشلاردا.

مىرزا ھەيدەر — خەلقچىل، ئىلغار، ئادىل ئادەم، باش ۋەزىر، 50 ياش.

قىدىرخان يەركەندى — ئىلىم-مەدىنىيەت ئىشلىرى ۋەزىرى، ئالىم، مەشھۇر مۇقامچى، 55 ياشلاردا.

ئۇمەر سازەندە — ئوردا مۇئەللىمى، سازاندە (مۇقامچى). ئاماننىساخاننىڭ ئۇستازى، 60 ياش.

بادامخان — چىرايلىق، شوخ، ئۇسۇلچى ھەم ناخشىچى قىز. ئاماننىساخاننىڭ دوستى، 23 ياش.

رەھمەت داپ — ئۇمەر سازەندىنىڭ شاگىرتى، تالانتلىق سازچى (داپچى)، ئاماننىساخاننىڭ دوستى، بادامخاننىڭ يارى، 28 ياش.

خوجا مۇھەممەت ئىشان — ئوردا باش مەسلىھەتچىسى،

روهانى، ئەشەددى مۇتەئەسسىپ ئىشان، 70 ياش.
مىرزا ئېلى تاغاي ـــ مەمۇرى ئىشلار ۋەزىرى، (كېيىن مۇۋەققەت باش ۋەزىر بولىدۇ) ئەكسىيەتچى، قارا نىيەت، پىتنىخور ئادەم، 65 ياش.
ئوسمان سەردار ـــ ھەربى ۋەزىر، غەيرەتلىك ئادەم، ئابدۇرىشىتخاننىڭ سادىق دوستى، 48 ياش.
ئېلى پاششاپ بەگ ـــ مۇھاپىزەت ئىشلىرى ۋەزىرى، شەخسىيەتچى، مەنسەپخور، 40 ياش.
خوجا قاسىم ـــ مالىيە ئىشلىرى ۋەزىرى (غەزنىچى)، زالىم، پارىخور ئادەم، 50 ياش.
قاۋۇل مىرزا ـــ ئوردا باش كاتىۋى، ئابدۇرىشىتخانغا سادىق، 48 ياش.
ئەكرەم ـــ ئابدۇرىشىتخاننىڭ مەخسۇس مۇھاپىزەتچىسى، باتۇر، سادىق يىگىت، 25 ياش.
ئابدۇللا بەگچەك ـــ ئوردا ئىشىك ئاغىسى، خانغا سادىق، 40 ياش.
مەخمۇت ئوتۇنچى ـــ ئامانىساخاننىڭ دادىسى، تۈز، ئادىل كىشى، 50 ياش.
شاھباز مىرزا ـــ ئوردا ئەمەلدارى، خانغا سادىق، 45 ياش.
يادىگار خېنىم ـــ خاننىڭ (چوڭ) خوتۇنى، چىرايلىق، قاۋۇل، قەھرى بار، زەھرى بار، (كۈنچى) ئايال، 35 ياش.

ئايشەبۈۋى — تېۋىپ، پۇلغا ئامراق. ھەييار خوتۇن، 50 ياش.

قازى — مۇتەئەسسىپ روھانى، 60 ياش.

ئەلەم — مۇتەئەسسىپ روھانى، 65 ياش.

باشقىلار:

— سەردارنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى (2 نەپەر)

— ئامانىساخاننىڭ قىز مۇھاپىزەتچىلىرى (2 نەپەر)

— ئامانىساخاننىڭ ئۆي خىزمەتچىسى (1 نەپەر)

— مىرزا ئېلىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى (2 نەپەر)

— ئوردا ياساۋۇللىرى (20 — 30 نەپەر)

— چالغۇچىلار (12 نەپەر) (شاگىرتلار)

— ئۇسۇلچىلار (12 نەپەر) (شاگىرتلار)

— ناخشىچىلار — (10 نەپەر) (شاگىرتلار)

— دېھقان، ھۈنەرۋەن، تالىپ ۋە سودىگەرلەر ۋەكىللىرى (10 نەپەر)

— ياساۋۇللار باشلىغى (1 نەپەر)

— سەردارغا قەست قىلغۇچى (1 نەپەر)

# بىرىنچى پەردە

## بىرىنچى كۆرۈنۈش    تارىم بويىدا ئۇچرىشىش

[1545 ـ يىل، سۇلتان ئابدۇرشىتخاننىڭ دەۋران سۈرگەن مەزگىلى. كۈز ۋاقتى، چۈشتىن كېيىن. چەبىيات مۇقامى تەزەسىنىڭ مەرغۇلى (مۇزىكا) بىلەن پەردە ئېچىلىدۇ.

[تارىم دەرياسى بويىدا، مەخمۇت ئوتۇنچىنىڭ هويلىسى: پېشايۋانلىق هويلا، ئوتتۇرىسىدا سۇپا، سۇپىنىڭ ئۈستىنى ئۈزۈم بارىڭى ياپقان، مۇناقى هەم سايۋىيى ئۈزۈم شىگىلىلىرى كىشىنىڭ هەۋىسىنى كەلتۈرۈپ ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا دۈگىلەك پەس شىرە قويۇلغان. دەستۇرخان سېلىنغان شىرە ئۈستىدىكى لىگەندە ئانار، ئۈزۈم، نەشپۈتىلار قويۇلغان. هويلىدىكى كىچىك ئېرىقتا سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. ئېرىق بويىدا 2 تۈپ ئانار، ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ نەشپۈت، ئانار ـ نەشپۈتىلار پىشىپ كەتكەن. هويلىنىڭ ئېرىققا يېقىنراق جايىدا بىر دۈگىلەك گۈللۈك؛ ئۇنىڭدا هەر خىل ـ هەر رەڭ ئەترە گۈللەر، تاجى گۈللەر، رەيھان گۈللەر، لەيلى گۈللەر... تولۇق ئېچىلغان. تالادا ـــ ئىشىك تاشقىرىسىدا كەڭ بوشلۇق، ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر تۈپ ياڭاق دەرىخى، ياڭاق پىشاي دەپ قالغان؛ ئېرىق بويىغا 3 ئورۇندۇق ـــ دەرەخ كوتۇگى قويۇلغان.

بىر چەتتە ئادەم بويى تىزىپ رەتلەپ قويۇلغان يىرىندا ئوتۇن.

[هويلىنىڭ ئىچى ۋە تالا پاكىزە، سەرەمجان، كۈزنىڭ قۇياش شولىسى

ئوتكۇر نۇرىنى چېچىپ تۇرىدۇ. مۇزىكا چەبىيات مۇقامى داستان قىسمىنىڭ بىرىنچى داستان ئاھاڭغا يوتكىلىدۇ.
[ئامانىساخانىڭ شۇ ئاھاڭغا ئېيتقان غەزىلى جاراڭلايدۇ.
[ئامانىساخان گۈللەردىن تاللاپ ئۈزۈپ گۈل دەستە تىزغاچ غەزەل ئېيتىدۇ؛ ئۇنىڭ گۈزەل چىرايى، كېلىشكەن قامىتى، ئاددى-چىرايلىق كىيىنىشى، شوخ ھەركىتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ غەزىلى تاماشىچىلارنى جەلپ قىلىدۇ:

چىمەن گۈلزاردىن گۈللەر ئارا گۈل تاللىغان ياخشى،
گۈلى رەناغا زىت شۇم بۇيىلارنى شاللىغان ياخشى.

گۈلىستانلىق ئىچىدە ياخشى گۈللەردىن تىزىپ دەستە،
شۇ گۈل ھىجرىدە كويگەن گۈل خۇمارغا يوللىغان ياخشى.

تالاشماقتا سانىسىز چېچەك-غۇنچە ھوسۇن بەس-بەس بىلەن،
كى تولسۇن ھوسنىگە دىسەڭ، سولۇشتىن ساقلىغان ياخشى.

ئەگەر كىم قول سوزۇپ گۈل شاخىدىن بۇلبۇلنى ھۇركۇتسە،
رەھىم قىلماي، ئۇنىڭ شۇم يۈرىگىنى داغلىغان ياخشى.

نەفسى، سەن ئەگەر بۇلبۇل بىلەن گۈل قەدرىگە يەتسەڭ،
تۇتۇپ باغۋەننى پىر-ئۇستاز، ئەقىدە باغلىغان ياخشى.

[ئۇ غەزىلىنىڭ يېرىمىنى توگەتكەندىن كېيىن، غەزىلىنى داۋام قىلدۇرغاچ گۈللەرنى دەستە قىلىپ باغلايدۇ. غەزەل ئاخىرىدا گۈل دەستىنى ئېگىز

كوتىرىپ خوشال كەيپىياتتا پىقىرايدۇ. غەزەلـنىڭ ئاخىرقـى كۇپلېتـىگە كەلگەندە ئۇمەر سازەندە، رەھـمەت داپ (قولـىدا ساتار)، بادامـخان (قولـىدا داپ)لار كىرىدۇ. ئۇلار تاشقىرىدىكى ياڭاق تۈۋـىگە كېلىـش بىلەن ئامانىساخانـىنىڭ غەزىلـىنى ئاڭـلاپ، ئاسـتا ئىشىكـكە كېلىـپ تىڭشايدۇ. خوش بولىدۇ، ئامانىساخـان بىر ئاز پىقىرىغانـدىن كېيىـن ئۇلار كىرىشىدۇ. ئامانىساخان كۈلۈپ توختايدۇ.

[ئۇمەر سازەنـدە قولـلىرىنى يېـيىپ دېكـلىماتـسىيە شەكـلىدە بېـيىت ئېيتىدۇ:

تارىم گۈلـزارلىقىدا ئېچىلـمىـش بىر گۈل،
گۈل شاخىدا شوخ خەندان ئۇرار بۇلـبۇل،

**رەھمەت:** بارچە جانلار بولغايكى ئاڭا مەپتۇن،
**بادامخان:** كوزى قۇندۇز، قېشى ئوقـيا، چېچى سۇمبۇل.

**ئامانىساخان:** تەشەككۇر دوستلىرىـم، بۇ ماڭـا چـوڭ ئىلـھام،
ئەرزىمەس غەزىلىم بولغاچقا مەقبۇل.
(ھەممىسى كۈلۈشـىدۇ)

**ئۇمەر سازەندە:** (قوللىرىنى ئېچىپ) بارىكاللا قىزىم ئامانىـساخان،
بارىـكالـلا! (ئامانـىساخانـغا قاراپ ماڭـىدۇ) قۇتـلۇق بولغاي.
(پېشانىسىدىن سويىدۇ)

**ئامانىساخان:** سالام، ئۇستازىم (تازىم قىلىدۇ). ئىلھاملىرىغا ھەش-قاللا، مەرھەمەت، ئولـتۇرايـلى (سۇپـىغا تەكـلىـپ قىلـىدۇ، ئولتۇرۇشىدۇ).

**ئۇمەر سازەندە:** ئامانىساخان، بىزدىـن يوشۇرغان ئەسەرلـىرىڭىز

ئاز ئەمەس ئوخشايدۇ.

**ئامانىساخان:** يوقسۇ ئۇستازىم، ھېچقانچە نەرسەم يوق.

**ئومەر سازەندە:** ھازىرقى گۈل توغرىسىدىكى غەزەلچۇ؟ بەك ياخشى ئىكەن، ئاپىرىن، ئاپىرىن. يوشۇرىسىڭىزمۇ مەيلى. ئېجادىيەت بولغىنى ياخشى. بۇ مۇھىم. نەفىسى—بۇ ياخشى ئەدىبىي لەقەم ئىكەن، جىسمىڭىزغا يارىشىپتۇ. قاچاندىن قوللاندىڭىز؟

**بادامخان:** تەكى ئاستىغا تىقىپ يۇرىدىغان بىر دەپتىرى بار، شېئىرلار ئاخىرىغا ساپلا "نەفىسى" دەپ يازغان. ئاخىر ئوغۇرلايمەنغۇ ئۇنى.

**رەھمەت:** بىزمۇ يوشۇرىمىز، بىر كۈنى ئەپچىقىپ مۇسابىقە قىلمايمىزمۇ؟

**ئامانىساخان:** ھەببەللى، ئۇستازىمىز ھوكۇمچى بولسۇن (ھەممىسى كۈلۈشىدۇ).

**ئومەر سازەندە:** (مۇڭ يىگەچ سوزلەيدۇ) مەن سىزلەردەك ئوبدان شاگىرتلىرىم بولغىنىغا پەخىرلىنىمەن.

**ئامانىساخان:** ئەدەپسىز شاگىرتلار ئۇزلىرىگە ئاۋارىگەرچىلىك سالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلماقتىمىز.

**ئومەر سازەندە:** مۇشۇنداق "ئەدەپسىز" شاگىرتلىرىم جىققىراق بولسا ياخشى بولغان بولار ئىدى (كۈلكە).

[ئامانىساخان شىرەدىكى پىچاقنى ئېلىپ، يەردىكى قوغۇننى پىچىشقا تەمشەلگەندە، رەھمەت داپ ئۇنىڭ قولىدىن پىچاقنى ئېلىپ قوغۇننى پىچىدۇ ۋە ئۈچ كاسا تەييارلاپ شىرەگە قويىدۇ.

**بادامخان:** ئۇستازىمىزنى بەك ھاردۇرۇپ قويدۇق، ئەمما، ئۇنچە

جىق نەرسە ئۈگىنەلمىدۇق، گاللۇش ئوخشايمىز. ئوزەمنى دەيمەندە. 18 شاگىرت ھەممىمىز ئامانىساخاندەك بولساقۇ، ياخشى بولاتتى.

**رەھمەت داپ:** گاللۇش بولسىڭىزمۇ بولغايسىز. بادام دىگەنىنىڭ شاكىلى قاتتىق، مېغىزى تاتلىق بولىدۇ (كۈلكە، بادامخان ئىزا ئارىلاش رەھمەتكە پىچاق تەڭلەيدۇ). ھاي-ھاي، ئېھتىيات قىلغايسىز باتۇر قىز؛ مېنى ئۆلتۈرسىڭىز بولمايدۇ، بىر داپ بىر بادامغا قۇربان بولدى دىگەن قانداقمۇ ئېچىنىشلىق دەڭا. خۇدا ساقلىسۇن (كۈلكە).

**ئومەر سازەندە:** ھە شۇنداق، مېنىڭ ياخشى شاگىرتلىرىم سىلەر. بەش يىل بولدى. ۋاقىت قىسقا، لېكىن كوپ نەرسە ئۈگەندىڭلا. دىنى ئاقائىت، ئەك مۇھىمى، ئەدىبىيات، ساز. مەن ئىلگىرى ئارزۇ-ئۈمىتلىرىمنى پادىشا ئوردىسىغا باغلىغان ئىدىم، لېكىن ئوردىدىن ھەيدىلىپ سەرسان بولدۇم. ئەل ئىچىگە كىرىپ شۇنى ھىس قىلدىمكى، ھەقىقەت، مۇھەببەت، دوستلۇق، ئىجادىيەت — ھەممىسى ئەل-يۇرت ئىچىدە ئىكەن. ئەل ئۇستاز، ئەل ئالىم، ئەل ئىجاتكار ئىكەن. ئەل ئۇلۇغ مەكتەپ ئىكەن. ئەلگە ياخشى پىشىۋا، ياخشى پادىشا كېرەك.

**ئامانىساخان:** ھازىرقى سۇلتانىمۇ كىشىلەرنىڭ ئۈمىت قىلغىنىدەك چىقمايۋاتىدۇ. ھەممىسى ئالدامچى، بۇلاڭچى.

**ئومەر سازەندە:** ھازىرقى سۇلتان ئابدۇرىشىتخان دادىسى سۇلتان سەئىدخانغا يېتەلمىدى. باشتا ئۇ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلىمەن دەپ بەزى ياخشى ئىشلارنى قىلغان ئىدى، كېيىنكى كۈنلەردە بولماي كەتتى.

**رەھمەت:** بۇلار نىمىشقا بالا-بالىسىدىن پادىشا بولىدۇ؟ بىز قارا
تۇرۇكلەردىن پادىشا بولسا بولمامدىكەن؟

**بادامخان:** پادىشالىقنى سىزگە تۇتقۇزۇپ قويسا ھە! خۇدايىم ساق-
لىسۇن، ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىپ داپ چېلىپلا ئوتەتتىڭىز-دە
(كۈلكە).

**رەھمەت:** دار مېنىڭ قولۇمغا ئوتىتىمۇ، بولىدى، ئالدى بىلەن
يوغان قوساق زالىملارنى، ئاندىن كېيىن پاشاپلارنى دارغا
ئاساتتىم-دە (كۈلكە).

**ئامانىساخان:** دارنى ئىگىزرەك ياساڭ، ھەم جىقراق ياساڭ،
داپچى. بىرەر يۈز دار بولسىمۇ ئازلىق قىلامىكىن (كۈلكە).

**ئومەر سازەندە:** دار بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ ئوغلۇم، دارنى تارتىپ
ئېلىش كېرەك، ئۇنى يوقىتىش كېرەك. كىشىلەر دارسىز دۇنيادا
تىنچ، پاراۋان ياشايدىغان بولسۇن.

**بادامخان:** ئىلاھىم شۇنداق بولسىدى، ھازىر ھالۋىنى ھىسكىم يەي-
دىغان، تاياقنى يىتىم يەيدىغان زاماننىڭ تازا ئۆزى بولدى-دە.

**رەھمەت:** زامانە زورنىڭ، ئۇسۇل توكۇرنىڭ دەڭا (كۈلكە).

**ئومەر سازەندە:** شۇنداق، ياخشى زامانلارمۇ كېلەر. ئەل-يۇرتنىڭ
دادىغا يېتىدىغان ياخشى ئادەملەرمۇ چىقىپ قالار. بىز ئىشىمىزنى
داۋام قىلدۇرلى.

سانايى نەفسە، ئەدىبىيات، سەنئەت ئەلنىڭ مەدىنىيىتىنى
ئىپادە قىلىدۇ، ئەلنىڭ ئارزۇ-ئۇمىتلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ.
بىزنىڭ ھازىر شاگىرت يېتىشتۈرۈۋاتقان بىر سىنىپلىق مەكتە-
ۋىمىز بىرنەچچە يىلدىن بۇيان خېلى ئۇتۇقلۇق ئىشلارنى
قىلدى. بىزنىڭ بىر توپ ۋەزىپىمىز خەلق مۇقاملىرىنى ئۆگىنىش

ۋە رەتلەشتۇر. ئەگەر بۇ ئىشتا چوڭراق غەلىبە قازانساق زور
شەرەپلىك ئىش قىلغان بولىمىز.

**ئامانىساخان:** ئوقۇشىمىزغا تەتقىقات ئىشىنى قوشۇپ ئېلىپ بارساق
دەيمەن. ساز، ئەدەبىيات بابىدا ئەلدىن ئۈگىنىدىغان بايلىقلار
ئىنتايىن كوپ، ئۇلارنى يىغىش، ئۈگىنىش، ئىشلەش زورۇر.
ئەگەر كۈچىمىز يەتسە، مۇشۇ جەرياندا يەنە بەزى ئىجادىيەت
ئىشلىرى بىلەنمۇ مەشغۇل بولساق دەيمەن.

**ئومەر سازەندە:** ياخشى، بەك ياخشى. ئامانىساخان مېنىڭ كوڭ-
لۇمدىكىنى ئېيتتى. بۇنداق بولغاندا بىزنىڭ سىنىپىمىز بىر
تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت يۇرتىغا ئايلانغۇسى.

**بادامخان:** بىز بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتىمىز. ئاق-
ساپ قالمىغىيدۇق دەپ ئەندىشە قىلىمەن.

**رەھمەت:** راست بەزى ئاخۇنلارنىڭ، بولۇپمۇ ئىشان-سوپىلارنىڭ
قارشىلىغى كۈچەيدى. بىزنى "دەھرىلەر" دەپ تىللاۋاتىدۇ.
بىزگە ھەيۋە قىلىۋاتىدۇ، يېقىندىن بېرى بىرنەچچە شاگىرتنىڭ
كەلمەي قويغىنى بىر ئالامەت.

**ئومەر سازەندە:** شۇنداق بالىلىرىم، بىرەر ياخشى ئىش، ئىلغار ئىش
قارشىلىققا ئۇچرىماي قالمايدۇ. ئاقساپ قېلىشىمىزمۇ ئېھتىمال.
ئەمما ئەل بىزنى قوللايدۇ. دىققەت قىلدىڭلارمۇ، ھەر كۈنى
كەچلىگى بىزنىڭ ئىشىگىمىزدىن كىشىلەر ئۈزۈلمەيدۇ، بەزى
كىشىلەر بىز بىلەن بىللە ناخشا ئېيتىپ ئۇسۇلغا چۈشۈپ
كېتىدۇ.

**ئامانىساخان:** غەيرەت قىلىمىز، پۇتلىرىمىز سۇنسىمۇ، دۇملاپ
بولسىمۇ ئىلگىرىلەيمىز. ئەل بىزگە مەدەتكار، مۇقام ئىشقى

بىزگە يار.

**ئۆمەر سازەندە:** بارىكاللا، بالىلىرىم، مەن ھازىر گويا كۈچ ۋە ماھارەتكە تولغان بىر ياش تەلەپكار بولۇپ قالدىم، قېنى ئەمدى ئىشىمىزنى داۋام قىلدۇرىلى. چەبىيات مۇقامىنىڭ داستانلىرىنى تەكرارلىساق قانداق؟

[شىرەنى بىر چەتكە تارتىدۇ، نەغمىگە تەييارلىق قىلىشىدۇ. ئۆمەر سازەندە ساتار ئالىدۇ، ئامانىنساخان ئۆزىنىڭ تەمبۇرىنى ئېلىپ چىقىدۇ، رەھمەت داپنى، بادامخان دۇتارنى ئالىدۇ. چالغۇلارنى تەڭشەيدۇ.

**ئۆمەر سازەندە:** بىز چەبىياتنىڭ چوڭ نەغمىسىنى بىر قاتار ئۆگىنىپ چىقتۇق. چالا جايلىرى تېخى جىق. بىر ئايچە بولدى، چەبىياتنىڭ داستانىنى ئۆگىنىشكە باشلىدۇق. ھازىر داستاننىڭ ئۈچىنچىسىنى ۋە ئۇنىڭ مەرغۇلىنى مەشق قىلىلى.

[ئۆمەر سازەندە ساتارنى باشلايدۇ، باشقىلار ئەگىشىدۇ، پائۇزىدىن كېيىن ناخشا باشلىنىدۇ:

مېنىڭدىن قىلما غەم دوستۇم، سۆيۈملۈك شۇ نىگارىم بار،
ئۇزاق يولدا سىنالغان ھەمسەپەرداش دوستى-يارىم بار.
ئەگەر كەلسە ئاتا كۆلپەت، بولۇپ قىسمەتتە تەتۈرلۈك،
شۇ يارغا جان تەسەددۇق ئەيلىبان ئەھدۇ-قارارىم بار.
كورۇپ ئىككى چىكەمدە ئاق، مېنى بوش دەپ خىيال قىلما،
كوزۇم ئوتكۇر، دىلىم ئوتلۇق، تېنىمدە كۈچ-مادارىم بار.
ئەگەر يارنى مېنىڭدىن ئايرىماقنى كىم خىيال قىلسا،
مېنى يالغۇز دىمەڭ ھەرگىز، قەدىردان باش پاناھىم بار.
ئۇزۇپ زۇلمەت تورىنى شۇ نىگارىم قايتا كۈلگەندە،

ئۇنىڭ بەزمە ـ تويىدا نەغمە قىلماققا ساتارىم بار.
جانان جامىدا ئەي ساقى ئارامخۇش مەينى بەرگەيسىز،
يارانلار بىرلە سازەندە مەيىن ئىچمەك خۇمارىم بار.

[كېيىن مەرغۇل ئورۇنلىنىدۇ، ئومەر سازەندە ناخشىدا بىر قېتىم، مەرغۇلدا بىر قېتىم توختىتىپ تۇزىتىش قىلىدۇ. نەغمە كىشىنى ئۆزىگەجەلپ قىلىدۇ.
[مەرغۇل داۋام قىلىۋاتقاندا، تالادا ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، بىر ئازدىن كېيىن هويلىنىڭ سىرتىدىكى بوشلۇققا ئەكرەم (هەرەم ساخ-چىسىنىڭكىگە يېقىنراق تۇستە كېيىنگەن بەستلىك قاۋۇل يىگىت، دولىسىدا ئىككى ئوقيا، ساداقلىق قومدۇ① قولىدا ئىككى قامچا بار) كېلىدۇ. ئۇ، ئۇ يان ـ بۇ يانغا قاراپ ئايلىنىپ، هويلىنىڭ ئىشىگى تەرەپكە ماڭىدۇ، ئىچكىرى-دىكى نەغمە ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىر ئاز قۇلاق سالىدۇ، كېيىن خوشال چىقىپ كېتىدۇ. بىر پەستىن كېيىن ئۇ ئابدۇرىشتخاننى باشلاپ كىرىدۇ.
[ئابدۇرىشتخان سولەتلىك، مەخسۇس ئوۋ كىيىمى كىيگەن. ئۇلار ياڭاق تۈۋىگە كېلىپ نەغمە ئاڭلايدۇ، ئاستا كېلىپ كوتەك ئورۇندۇقتا ئولتۇ-رىدۇ. ئابدۇرىشتخان بارغانچە زوقلىنىپ ساز ئاڭلايدۇ... ساز توختايدۇ، ئىچكىرىدىكىلەر چالغۇلىرىنى قويۇپ مۇۋە يەيدۇ.

**ئابدۇرىشتخان:** هەجەپ ياخشى نەغمە قىلدى بۇلار. ئەپسۇسكى، ناخشىلىرىنى ئاڭلىيالمىدۇق. بۇلار كىملەركىن، بۇ قانداق ئادەمنىڭ ئۆيىكىن؟

**ئەكرەم:** بۇ، ئوتتۇنچىنىڭ ئۆيىگە ئوخشايدۇ (بىر چەتتىكى بىسقلىق ئوتتۇننى كورسىتىدۇ). مەشەدە بىرئاز دەم ئېلىپ كەتسەك بولار.

**ئابدۇرىشتخان:** مەيلى، كىرەيلى. ئەمما ئۆزىمىزنى ئاشكارىلاپ قويمايلى.

---

① قومدو ـــ ساداق غىلىپى.

**ئەكرەم:** سىلى ئۇزلىرى سوزگە، مېڭىش-تۇرۇشقا دىققەت قىلسىلا.
[ئىچكىرىدە سوزسىز هەرىكەت: ئامانىساخان ئويگە كىرىپ كېتىدۇ. ئومەر سازەندە ئانار دەرىخى ۋە گۇلنى تاماشا قىلىدۇ. رەھمەت بىلەن بادامخان سۇپىدا ئولتۇرۇپ، بىر نىمىلەرنى تالىشىدۇ.
[ئابدۇرىشىتخان بىلەن ئەكرەم كوتەكتىن قوپۇپ هويلىغا كىرىشكە تەمشەلگەندە، تاشقىرىدىن مەخمۇت ئوتتۇنچى يوتىلىپ كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا ئاي پالتا، چورىغىنىڭ قونچىغا يوغان پىچاق سېلىنغان. پۇختا كىينگەن، مەزمۇت ئادەم. ئۇ كېلىپلا ئۇلارغا دىققەت قىلىدۇ.
**مەخمۇت ئوتتۇنچى:** مېھمانلارغا سالام، هەر بىرلىرىنى قەيەردىن سورايمىز؟
**ئابدۇرىشتخان:** هە، بىز ئۇۋغا چىققان ئىدۇق. بۇ ئوينى كورۇپ كىرگۇمىز كەلدى. ئوزلىرى بىلەن تونۇشۇپ قويساق بولارمىكىن؟
**مەخمۇت ئوتتۇنچى:** مېنى خەقلەر "مەخمۇت ئوتتۇنچى" دەيدۇ. مۇشۇ ئوينىڭ ئىگىسى بولىمەن.
**ئابدۇرىشتخان:** بىز مەشەدە بىردەم هاردۇق ئېلىپ كەتسەك بولامدىكىن؟
**مەخمۇت ئوتتۇنچى:** ئەلۋەتتە بولىدۇ. مەرهەمەت (ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىدۇ). تاشقىرىدىكى كىشىلەرچۇ؟
**ئەكرەم:** ئۇلار...كېرەك يوق. ئېرىق بويىدا دەم ئالسا بولىدۇ.
[مەخمۇت ئوتتۇنچى باشلاپ ماڭىدۇ. ئۇلار هويلىغا كىرىدۇ...
**مەخمۇت ئوتتۇنچى:** (گۇل كوروۋاتقان ئومەر سازەندىنى كورۇپ، ئۇنىڭغا دىققەت قىلىدۇ ۋە تەكەللۇپ بىلەن) هە، تەقسىرىم كېلىپ قاپىلىغۇ، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، (ئىككى قوللاپ كورىشىدۇ) بەللى، بەللى، مۇشۇنداق غېرىپ ئوتتۇنچىنى يوقلاپ تۇرغانلىرى

ئۈچۈن بەك خۇرسەن بىز تەقسىر. (ئانار دەرىخنى كۆرسىتىپ)
مۇشۇ ئانارنى ئۆزلىرىگە ئاتاپ ئۈزمەي ساقلىدۇق.

**ئومەر سازەندە:** رەھمەت دوستۇم. دوستلارنىڭ ياد ئېتىپ تۇرۇش-
لىرى پەقىر ئۈچۈن زىيادە خۇرسەنلىك.

**مەخمۇت ئوتۇنچى:** (سۆپىدىكى رەھمەت بىلەن بادامخاننى كۆرۈپ
ئۇلارغا قاراپ ماڭىدۇ.) ھە، سىلەرمۇ كەپسىلەردە، ئەلۋەتتە
كېلىپ تۇرۇش كېرەك. بادامخانغۇ ئامانىنساخاننى تاشلىمايدۇ.
سېنىڭ (رەھمەتكە قاراپ) تۇۋۇقلىڭ سېلىكسپ قالدىغۇ داپچى.
داپنى ئەپكەلگەنسەن، بۇگۈن ياخشى بىر نەغمە ئاڭلايدىكەن-
مىز دە-ھە، راست، (مېھمانلارغا بۇرۇلىدۇ، ئومەرگە قاراپ) بۇ
مېھمانلار ئۆۋچىلار ئىكەن، تونۇشۇپ قويايلى.

**ئابدۇرىشتخان:** (قولنى مەيدىسىگە قويۇپ، ئومەر سازەندىگە سالام بېرىدۇ)
ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! (قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. ئومەر سازەندە ئۇنىڭغا
باشتىن ئايىغىغىچە سەپ سېلىپ قاراپ دىققەت قىلىدۇ. ئارقىدىن
ئەكرەممۇ كۆرۈشىدۇ. سۆپىدىكىلەر بىلەن سالاملىشىدۇ)

**مەخمۇت ئوتۇنچى:** (ئومەر سازەندىنى كۆرسىتىپ) بۇ كىشى يۇرتىمىز-
نىڭ پىشقەدەم ئۇستازى بولىدۇ. ماۋۇ باللار بۇ كىشىنىڭ
شاگىرتلىرى. مېنىڭ قىزىمنىڭ ساۋاقداشلىرى (ئويدىن ئامانىنسا-
خان چىقىدۇ). ھە، مانا بۇ مېنىڭ قىزىم، ئېتى ئامانىنساخان.
(ئامانىنساخان يەڭگىل تازىم قىلىپ قويىدۇ، ئابدۇرىشتخان ئامان-
ىنساخانغا قارىغىنىچە تىكىلىپ قالىدۇ. رەھمەت داپ بۇنى بايقاپ
بادامخاننى نوقۇپ قويىدۇ. ئەكرەم ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئابدۇرىشتخان-
نىڭ پىشىدىن تارتىپ قويىدۇ) قېنى جاناپلار، مەرھەمەت. ئولتۇ-
رايلى (سۆپىغا تەكلىپ قىلىدۇ). ئامانىنساخان، مېھمانلارنى كۈتۈك

قىزىم، قىنى، ئولتۇرايلى، (ئولتۇرۇشىدۇ. ئامانىساخان، بادامخانلار شىرەنى رەتلەپ، يېڭىدىن ئۈزۈم، ئانار ئېلىپ شىرەگە تىزىدۇ. رەھمەت قوغۇن، تاۋۇز پىچىدۇ. ئامانىساخان چاي قۇيىدۇ. چاي ئىچىشىدۇ، مېۋە يېيىشىدۇ)

**ئومەرسازەندە:** مېھمانلارنى قەيەردىن سورىساق بولاركىن؟

**ئابدۇرىشتخان:** شەھەردىن، ئېتىمىزنى ئوۋچى دەپ قويسىلا بولىدۇ. ئوردىدا (ئەكرەم پېشنى تارتىپ قويىدۇ)، ياق، شەھەردە زېرىككەندىن كېيىن شىكارغا (ئەكرەم يەنە نوقۇيدۇ) ھە، ھە، يەنى ئوۋغا چىقىپ تاماشا قىلىش كىشىگە ئىلھام بەخش قىلىدۇ.

**ئومەر سازەندە:** (ئابدۇرىشتخاننىڭ پادىشالار سوزىنى ئىشلەتكەنلىكىگە ۋە ئەكرەمنىڭ ئۇنى ئاگاھلاندۇرغانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ ئوردا ئەمەلدارى ئىكەنلىكىنى پەملەيدۇ. يەر ئاستىدىن ئامانىساخانغا قاراپ قويىدۇ) شىكارغا چىقىش يامان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. مەرگەن بولمىسا ئوۋچى بولالمايدۇ. ئەمما ساداقنى چەنلىگەندە نىشاننى تاللاش كېرەك. يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئېتىش كېرەكمۇ ياكى ھۇلارنىمۇ؟

**ئابدۇرىشتخان:** ئوۋچى ياۋايى ھايۋان بولىدىكەن، نىمە بولسا ئاتماي تۇرالمايدۇ. بۇ ئوۋچىنىڭ ئەيىۋى بولۇشى مۇمكىن.

**ئومەر سازەندە:** بۇ، مېنىڭچە ئەيىپلا بولمىسا كېرەك. يىرتقۇچنى تاشلاپ كوزى مۇلدۇرلەپ تۇرغان گۇناسىز كىيىكنى ئېتىپ ئولتۇرۇپ قويسا، نىمە دىگەن ئېچىنىشلىق! يەنە ئۇنىڭ...

**رەھمەت:** يەنە ئۇنىڭ ئوغلاقلىرى يېتىم قېلىپ سەرسان بولغىنىنى دىمەملا.

[ئابدۇرىشتخان گەپنىڭ مەنىسى باشقا ياققا كېتىپ بارغانلىقىنى بايقاپ ئويلىنىپ قالىدۇ. ئومەر سازەندە ئۇنىڭغا دىققەت قىلىدۇ.

**ئەكرەم:** (گەپنى بۇرايدۇ) ئۇۋچى دىگەن پوچى بولىدۇ. ئاتمىغاننىمۇ ئاتتىم دەيدۇ. يالغان گەپ تاپالمىغاندا راست گەپ قىلىدۇ.
(ئابدۇرشتخان ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويىدۇ) ھە، راست، بۇ بىزنىڭ ئاغىنىمىز. (يالغان يوتۇلدۇ) ئۇلارنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ. ئۇننى ئاتسا ئون بىرمۇ دىمەيدۇ، توققۇزمۇ دىمەيدۇ. راستىنى ئېيتقاندا ئاجايىپ مەرگەن. جەرەننىڭ تۇۋۇغىنى قۇلىغا مىخلاپ قويىدۇ. قانداق ئاتقاندا بىر ساداق بىلەن تۇۋۇغىنى قۇلىغا مىخلاپ قويغىلى بولىدۇ؟ قېنى بۇنى تېپىپ بېقىڭلارچۇ؟ (باشقىلار ئويلايدۇ)

**ئامانىساخان:** (ئويلاپ كۈلىدۇ) بۇنى تېپىش شۇنچە قىيىنمىكەن؟ جەرەن ئارقا پۇتىنىڭ تۇۋۇغى بىلەن قۇلىغىنى قاشلاۋاتقاندا، قۇلاقنى چەنلەپ ئاتسا، ساداق بېرىپ تۇۋاق بىلەن قۇلاقنى مىخلاپ قويۇشى مۇمكىن (ھەممە قايىل بولىدۇ).

**ئەكرەم:** ئەقىللىق قىز ئىكەنسىز، توغرا تاپتىڭىز.

**بادامخان:** بۇ بىر تېپىشماقمۇ ياكى ئۇۋچىنىڭ ئاتقان پوسىمۇ؟ (كۈلكە)

**ئابدۇرشتخان:** خوپ، ئۇۋ توغرىسىدىكى سوزىمىزنى مۇشۇ يەردە توختاتساق. سىلەر ياخشى بىر نەغمىچى تۇگۇرەككە ئوخشايسىلەر. بايا بىز ئازراق ئاڭلاپ قالدۇق. ئەگەر مۇمكىن بولسا، يەنە ئازراق ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلاتتۇق.

**ئومەر سازەندە:** ئەلنەغمە ئوزىگە ھەۋەس قىلغان كىشىنى ياخشى كورىدۇ. ئوزلىرى قانداق نەغمىنى خالايلا؟

**ئابدۇرشتخان:** قايسىدىن بولسا مەيلى، ئەگەر مۇقام باپلىرىدىن بولسىغۇ، بەك ياخشى بولاتتى.

**ئۆمەر سازەندە:** بولىدۇ، قېنى باللار، چەبىياتنىڭ چوڭ نەغمىسى-
دىن بىرنەچچە پارچە بولسۇن: مۇقامىنىڭ باشلىنىشى، تەزە،
تەزىنىڭ مەرغۇلى، مۇقامىنىڭ باشلىنىشىنى ئامانىساخان
ئېيتسۇن.
**ئامانىساخان:** قايسى غەزەلنى ئېيتسام بولاركىن.
**ئۆمەر سازەندە:** تۇنۇگۈنكى غەزەلنى ئېيتسىڭ. (ئۇ ساتارنى ئېلىپ
تەڭشەيدۇ، كېيىن بېشىنى ئالدىغا ئازراق ئېگىپ، كوزلىرىنى يۇمۇپ
چېلىشقا باشلايدۇ. پائۇزىدىن كېيىن ئامانىساخان غەزەلنى باشلايدۇ:)
"قايسى گۈلشەنىنىڭ يۈزۈڭدەك بىر گۈلى رەناسى بار،
قايسى گۈلنىڭ بىر مىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.
ھورى بىرلەن جەننەتۇل مەئۋانى كوڭلۇم نەيلىسۇن،
يارنىڭ كويىدا يۈز مىڭ جەننەتۇل مەئۋاسى بار.
لەئلىدەك قەددى ئۇنىڭ ھەر دەم تىرىكلىككە نىشان،
خوش نىشاندۇركى ئىككى قاشنىڭ توغراسى بار.
بىر چۈچۈك سوز بىرلە ئولگەن جىسمىم بەردىڭ ھايات،
لەئلى جان بەختىڭدە گويا كىم مەسىھ ئەنباسى بار.
يۈزى ئوزرە كوكلا زۇلغىن پەرىشان كورگىلى،
ئەي سەئىت ئاشىپتە كوڭلۇمنىڭ ھەجەپ سەۋداسى بار."
[ياخشى ئورۇنلانغان مۇقام ئابدۇرشىتخانغا بەك تەسىر قىلىدۇ. ئامانى-
ساخاننىڭ جاراڭلىق شوخ ئاۋازى، ئۇنىڭ گۈزەل سىياقى ئۇنى بارغان-
سېرى ئوزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىدۇ. شېئىرنى قانداقتۇ ئاڭلىغاندەك
قىلىدۇ. ئاخىرىدا سەئىتخانىنىڭ نامى چىققاندىن كېيىن دادىسىنىڭ
شېئىرى ئىكەنلىگىنى بىلىپ ھاياجانلىنىدۇ. ئورنىدىن قوزغىلىپ ئەكرەمگە
قاراپ قويىدۇ. مۇزىكا تۈگۈشى بىلەن رەھمەت بىلدۈرىدۇ.
**ئابدۇرشىتخان:** قەلبىمدىن تەشەككۇر بايان قىلىمەن، ياخشى،

ئىنـتايىن ياخـشى، بۈگۈن مەن مۇقامـنىڭ چىن ماھىرلـرىنى كورگەنلىگىم ئۈچۈن ناھايەت خۇرسەنلىك ھىس قىلماقتىمەن.

**ئومەر سازەندە:** مۇقامنى چۈشەنگەن، ئۇنىڭغا ھورمەت بىلدۈرگەن كىشىنى ئۇچراتقانلىغىمىز ئۈچۈن بىزمۇ ناھايىتى خۇرسەنمىز.

**ئابدۇرىشىتخان:** رەھمەت سىـلەرگە، چىگىـش كوڭـلۇم يېشىلىـپ كەتتى (ئامانىساخانغا قاراپ سوزلەيدۇ) سىڭلىـم! سىـز ئېيتـقان غەزەلنى قەيەردىن ئۈگەنگەنلىگىڭىزنى بىلىشكە بولارمىكىن؟

**ئامانىساخان:** (ئومەر سازەندىنى كورسىتىپ) جانابى ئۇستازىم ئۈگەتكەن.

**ئابدۇرىشىتخان:** (ئومەر سازەندىگە قاراپ) ئوزلـىرى بۇ غـەزەلـنىڭ ئىجاتچىسىنى تونۇيدىغان بولسىلا كېرەك.

**ئومەر سازەندە:** تونۇش تۇگۇل، ئۇ كىشـىنى ياخـشى بىلـمەن. سۇلتان سەئىتخاننىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن ھەم ئىجادىـيەتلىرى بىلەن تونۇشلۇغىممۇ بار.

**ئابدۇرىشىتخان:** ئوزلىرىنىڭ ئەسـلى نامى ـ نەسەبـلىرىنى بىلىشـكە بولامدىكىن؟

**ئومەر سازەندە:** مەن سۇلـتان سەئىـتخـانـنىڭ ئوردىـسـدىن ھەيـدەلـگەن، "مۇناپىق" ئاتالغان ئومەر سازانده بولـمەن. (ئابدۇرىشىتخان چوچۈپ ئۇنىڭغا قارايدۇ). ئەمـما، مەن بىر بىـگۇنا بەندىـمەن. "مۇناپىق" دىـگەن نام ئوردىـدىكى ھەقىقى مۇنا- پىقلار ماڭا چاپلىغان بەدنام. نەسەبـتىن گەپ ئاچـقاندا، مەن ئەسلى ئادەتتىكى بىر تۇرۇكمەن، ياشلىغىمدىن سازغا ئىشتىياقىم بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، كىـشلەر "سازەندە" دەپ لەقەم قويغان.

**ئابدۇرىشىتخان:** ئوردىـدا، ھە، ھە... يەركەنـدە نامى بار ئومەر

سازەندە سىلە ئىكەنلا ـ دە، مانا قاراڭ، بۇ تاسادىپى ئۇچرىـ
شىشنى. مەن سىلىنىڭ داڭقىلىرىنى كوپ ئاڭلىغان ئىدىم.
تونۇشقانلىغىمىز ئۇچۇن ئىنتايىن خۇرسەنمەن. ئەھۋالىدىن
قارىغاندا سەئىتخان سىلىنى قاتتىق رەنجىتكەن بولسا كېرەك.

**ئومەر سازەندە:** سۇلتان سەئىتخان رەھمىتى ياخشى ئادەم ئىدى.
ئۇ ھەم چوڭ ئالىم، شائىر ئىدى. ئەمما ئۇ ئەتراپىتىكى ئادەمـ
لەرنى بىلىشتە كالتە پەم ئىدى، مېنى سۇلتان سەئىتخان
قوغلىمىدى، باشقىلار قوغلاتتى. ئەپسۇسكى، ئاشۇ پىتنىخور،
سۇئىقەستچى مەخلۇقلار ھازىرمۇ خان ئوردىسىدا ئويۇن ئوينىـ
ماقتا. سۇلتان ئابدۇرىشىتخان ئاتىسى سۇلتان سەئىتخاننىڭ
ساۋاقلىرىنى ياخشى يەكۈنلىمىدى، ئۇنىڭ يېنىدا بورە خاتىرجەم
ئۇخلىماقتا، ھالبۇكى، ئابدۇرىشىتخان ئۇنى ياكى بىلمەيدۇ،
ياكى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسلىككە سالىدۇ (ئەكرەم ئابدۇرىشىتـ
خانغا قاراپ يوتۇلىدۇ، ئورنىدىن قوزغىلىپ قويىدۇ، ئابدۇرىشىتخان
ئوڭايسىزلىنىدۇ...)

**ئامانىساخان:** بەزى كىشلەر ئابدۇرىشىتخاننى ماختاپ ئاسمانغا
كوتىرىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىمۇ باردۇر، بەلكى. بىراق ئەل
ئىشىغا زىيانلىق بولغان سۇيىقەستچىلەرگە زور ھوقۇق بېرىشنىڭ
قانچىلىك خەتەرلىك ئىكەنلىگىنى خان بىلسە بولاتتى، قەنداندا
ئوغا بارلىغىنى تونۇشى كېرەك ئىدى. خان ھوشيار بولمىسا
بىر كۈن ئەمەس، بىركۈنى ئاشۇ يەڭ ئىچىدە پىچاق يوشۇرـ
غان "دوستلىرى" دىن ياۋا خەنجەر يەپ قالارمىكىن
(ئابدۇرىشتخان چوچۇيدۇ).

**مەخمۇت ئوتۇنچى:** ئابدۇرىشىتخان پۇقرالارنىڭ دادىغا يەتسە

بولاتتى. هازىر باج-سېلىق، ئالۋاڭ-ياساق كۆپىيىپ كەتتى، خان ئوردىسىدىن بىر تەنگە دەپ چىقسا، قاتمۇ-قات قوشۇلۇپ، دىخانلارغا كەلگەندە ئون تەنگە بولۇپ كۆپىيىدۇ. سۇلتان سەئىتخان زالىم مىرزا ئابابەكرىنى تەختتىن چۈشۈرگەندە، پۇقرالارنىڭ قانخور بەگلەر قولىدا بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچراپ خانىۋەيران بولغانلىقىنى كۆرگەن. شۇڭا ئۇ، لەشكەر ۋە ئەمەلدارلارنى غەزىنىدىن بېقىپ، پۇخرالار ئۈستىدىن بەش يىللىق باج-سېلىقنى كۆتۈرىۋەتكەن. ئەل بۇنىڭ بىلەن بېلىنى خېلى تۈزەپ ئالغان. سۇلتان ئابدۇرىشىتخان دادىسىنىڭ بۇنداق ياخشىلىقلىرىنى ئەلۋەتتە ئۈلگە قىلسا بولاتتى.

**رەھمەت:** ۋەزىر-ۋۇزىرا دەيدۇ، غەزىنچى-پاششاپ دەيدۇ، بەگ-ئىشان دەيدۇ، ھەممىسى پۇخرانىڭ شىللىسىگە مىنىۋېلىپ، خالىغانچە قىينىنى شوراۋاتسا، بۇ خان ۋە سۇلتانلار نىمىشقا گەپ قىلمايدىكىن-تاڭ، مېنىڭچە بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر، سۇ باشتىن لاي، ئەگەر مەن سۇلتان بولسام، بۇلارنى شۇنداق جايلايتىمكى (ئابدۇرىشىتخان ئوڭايسىزلىنىدۇ)، ھەممىسىنى ئاپىرىپ قوشقا سالاتتىم (كۈلكە).

**بادامخان:** شۇڭلاشقا سىزگە خۇدايىم مۈڭگۈز بەرمىگەن-دە (كۈلكە).

**رەھمەت:** ئەگەر مۈڭگۈز بەرسە ئاۋال بېرىپ ئاشۇ ئابدۇرىشىتخان سۇلتاننى ئۈسسۈيتتىم-دە. (كۈلكە) (ئۆمەر سازەندە دىققەت بىلەن ئابدۇرىشىتخانغا سەپ سېلىپ ئولتۇرىدۇ. ئابدۇرىشىتخان چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ. ئەكرەم ئوڭايسىزلىنىپ نىمە دېيىشىنى بىلمەيدۇ...)

**ئابدۇرىشىتخان:** (تەسىرات ئىچىدە سوزسىز دۇتارنى قولىغا ئېلىپ، ئاۋال

بىر پەدە پائۇز چالىدۇ، كېيىن سوھبەتكە جاۋاپ تەرىقىسىدە "بايات"نىڭ تەزىسى ئاھاڭىغا غەزەل ئېيتىدۇ:)

"دۇنيا بىر ھوسن ئەھلىدەك نا مېھرىۋانى كەم ئەمەس،
كىمكى سويىسە سودىدىن كوپراق زىيانى كەم ئەمەس.
دۇنيانى باقى تەسەۋۋۇر قىلمىغىن شەددادىدەك،
نەچچە بىر ئىت كەم دىگەندەك ئۇستىخانى كەم ئەمەس.
دۇنياغا پەرزەندى ئادەمنى ئەۋەتمەكتىن غەرەز،
قوللۇغۇم قىلغايمۇ دەپ بىر ئىمتىھانى كەم ئەمەس.
سەلتەنەت تەختىدە مەندۇرمەن دىگەن ئول شاھلار،
جان بېرىوردە بىر گادايى ناتاۋادىن كەم ئەمەس.
ئەي رەشىدى، بولمىغىل مەغرۇر جاھان گۈلزارىغا،
قايسى گۈلشەننىڭ گۈلى ئاخىر غازانى كەم، ئەمەس".

[ئۇ غەزەلنى ياخشى ئوقۇيدۇ. ئولتۇرغانلار بارغانسېرى تەسىرلىنىپ، دىققەت بىلەن غەزەلنى ئاڭلايدۇ، بىر بىرىگە قارىشىدۇ.

**ئومەر سازەندە:** بارىكاللا ئوغلۇم. سۇلتان سەئىتخاننىڭ ئۇمىدى يەردە قالمايدىغان ئوخشايدۇ (ئابدۇرىشىتخان سوزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدۇ. باشقىلار بۇ گەپكە ھەيران قالىدۇ).

**ئابدۇرىشىتخان:** رەھمەت ئۇزلىرىگە تەخسىر، (ئورنىدىن تۇرۇپ)، مەن بۈگۈن بۇنداق بىر ياخشى سوھبەتتە بولارمەن دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. بۇ ھەم شىرىن سۆھەن، ھەم ئوتكۈر تىكەن سوھبەت بولدى. سىلىگە كوپ تەشەككۈر. بىز يەنە كورۇشەرمىز (كېيىن ئامانىساخانغا تىكىلىپ قارايدۇ)، سىڭلىم، بىز كېيىن چوقۇم كورىشىمىز دەپ ئۇمىت قىلىمەن.

**ئامانىساخان:** (بېيىت)

”يارەپ بۇ بەندى قىلدى ھەجەپ سۇئى زەن ماڭا،
گويا بۇ ئويگە ئۇندى بۇ ئاخشام تىكەن ماڭا“.
بۇ دىدار ئاقىۋتىدىن ئەندىشىدە كوڭلۇم،
كەلمەسمۇ ئوۋچىدىن سەۋدايى پالاكەت ماڭا.

**ئابدۇرىشتخان:** (بىر خىل ئىشقى كەيپىياتتا بېيىت ئېيتىدۇ):
”گەر بويۇڭنى سەرۋى دىسەم، سەرۋى ھىچ ماڭغان ئەمەس،
گەر لېۋىڭنى غۇنچە دىسەم، غۇنچە سوز قىلغان ئەمەس“.
قىپ-قىزىل گۇل ھىجرىدە بۇلبۇل قىلاركەن ناللەر،
گۇل ئاڭا قىلغاي رەھىم، بىۋاپا بولغان ئەمەس.

— يەنە كورۇشكىچە خوش! (ئابدۇرىشتخان ناھايىتى خوش قىياپەتتە چاقىقان چىقىپ كېتىدۇ. ئەكرەم ئوقيا، قامچىلىرىنى ئېلىپ ئامانىنساخانغا مەھرەملەرچە تازىم قىلىپ، سەكرەپ چىقىپ كېتىدۇ. ھەممىسى ھەيران قېلىشىدۇ.)

**مەخمۇت ئوتۇنچى:** (سوئال نەزىرى بىلەن ئومەر سازەندىگە قارايدۇ) تەقسىر، بۇ قانداق ئىش؟ بۇنىڭدا بىر سىر بارغۇ؟

**ئومەر سازەندە:** ناھايىتى روشەنكى، بۇ، ئابدۇرىشتخاننىڭ ئۆزى (ھەممىسى، ھە، دەپ ھەيران قالىدۇ). شۇنداق، بۇنىڭدا شەك يوق. غەزەلدىن بايقىمىدىڭلارمۇ؟

**بادامخان:** (رەھمەتكە): ھە، بېرىپ ئۇسۇڭ قېنى.

**رەھمەت:** ھەي بىچارە داپچى، تۇگەپ كەتتىڭ دىگىنە (گەدىنىنى قاشلايدۇ).

**ئامانىنساخان:** نىمە ئاقىۋەت بولار؟

**ئومەر سازەندە:** ئەھۋالدىن قارىغاندا سۇلتان قايتىپ بارغاندىن كېيىن سىزنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ كىشى ئەۋەتىشى مۇمكىن.

**ئامانىساخان:** ھە، (چوچۇيدۇ)، بۇ نىمە دىگەنلىرى؟ (ئوڭايسىزلىنىپ) ياق، ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

**ئۆمەر سازەندە:** قىزىم! ئەگەر تەكلىپ قىلىپ قالسا، بۇنىڭغا ئىلاج يوق. بىز ئەمدى ياخشىراق ئويلاشىساق بولىدۇ. (ئويلايدۇ) مېنىڭچە رازى بولغان ياخشى. ئوردا ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ بىرمۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشىلىش كېرەك. مەسىلەن: سەنايى نەپىسە ۋە ئەدەبىيات ئىشلىرىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، مۇھىمى، مۇقامنى تەرتىپكە سېلىش زورۇر، بۇ ناھايىتى مۇھىم، بۇ بىزنىڭ تىلىگىمىزگە يېتىشىمىزنىڭ ياخشى پۇرسىتى. ئابدۇ-رىشىتخان بىر شائىر ھەم سەنئەتكە ھەۋەسكار بولغىنى ئۈچۈن، بۇنىڭغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ (ھەممىسى ئويلىشىپ قالىدۇ. ئامان-نىساخان ساقىلىنى چىشلەپ خىيال قىلىپ ئولتۇرغان دادىسىغا ئېسىلىپ يىغلايدۇ، رەھمەت، بادامخانلار كوز يېشى قىلىدۇ).

**مەخمۇت ئۇتۇنچى:** قىزىم! ئەمدى ياش توكۇش ياردەم بېرەل-مەيدۇ. ئىلاجىمىز قانچە؟ ئۇ پادىشا تۇرسا، ئۇنىڭغا تەڭ كەل-گىلى بولسۇنمۇ؟ ئەمدى تەخسىرىم ئېيتقاندەك پۇرسەتتىن پاي-دىلىنىپ، ئەلگە پايدىلىق ئىش قىلىپ ئالغاندىن ياخشى ئىش يوق (ئامانىساخان ئىسەدەپ توختايدۇ).

**بادامخان:** (بېرىپ ئامانىساخانىنى قۇچاقلاپ يىغلايدۇ) دوستۇمنى يالغۇز ئەۋەتمەيمىز، بىزمۇ بارىمىز.

**رەھمەت:** ھەممىمىز بارىمىز، ئۇستازىمىزنىمۇ بىللە ئېلىپ بارىمىز، خان ئوردىسىدا چېلىشىمىز! (ئۇ ھاياجانلىنىدۇ).

**ئۆمەر سازەندە:** (ئامانىساخانىنىڭ بېشىنى سىلايدۇ) توغرا، ھەممىمىز

بارىمىز، ئۇردىدا چېلىشىمىز.
[باشقىلار جىددى قىياپەتتە يىراققا كوز تىكىدۇ.
— پەردە چۈشىدۇ.

## بىرىنچى پەردە
# ئىككىنچى كورۇنۇش  توي

[ئالتە ئاي كېيىن، كۈز ۋاقتى.
[ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئوردىسىدا.
["شادىيانە" گە چېلىنغان كۈچلۈك مۇزىكا (ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى ئالاھىدە ئاڭلىنىدۇ) بىلەن پەردە ئېچىلىدۇ. سەھنە چىرايلىق بېزەلگەن كاتتا ساراي. ئۇدۇلدا ئىككى چوڭ ئورۇندۇق قويۇلغان. ئىككى تەرەپكە غاز قانىتى قىلىپ ئورۇندۇقلار قويۇلغان. سەھنىدە ئادەم يوق. تاشقىرىدا (ئوڭ ياقتا) داقا ـ دۇمباق ئاۋازى ئەۋجىگە چىققان، كۈلكە ئاۋازلىرى، توي تەنتەنىسى پۈتۈن ئوردىنى قاپلىغان.
[سەھنىنىڭ سول يېقىدىن قوللىرىدا پەتنۇس ـ لىگەنلەردە ھەر خىل مىۋىلەر كوتەرگەن خۇشاۋاز قىزلار يەڭگىل ناخشا ئېيتىپ يېرىم ئۇسۇل بىلەن ئوڭ ياققا ئوتىدۇ. ئارقىدىن ئالتە قىز ئىگىز كوتىرىلگەن قوللىرىدا ھەر رەڭدىكى نېپىز رەختلەرنىڭ بۇرجىگىدىن ئوتۇپ، يەلپۈلدىتىپ شوخ ئاياق ئويۇنلىرىنى ئوينىناپ ئوتىدۇ. بىر جۈپ قىز سول ياقتىن چىقىپ كېلىدۇ. مۇزىكا پەسىيىدۇ.

قىز A: (بىر توپ رەڭلىك دۇردۇننى چۈگۈپ بويىنىغا ئارتىپ ئالغان) كورگىنە ئاداش، يارىشامدىكەن؟

قىز B: (بىرنەچچە توپ ئەتلەسنى قولتۇقلىغان) ۋاي، ئۆزلىرىگە ياراشمامدىغان خېنىم، پەرىزات بولۇپ كەتىلە (ئىككىسى كۈلىدۇ. ماڭغاچ سوزلىشىدۇ).

قىز A: پەرىزات بولمايچۇ. بىزمىچۇ ئاداش، ھېچكىمدىن قېلىشمايمىز. قارىغىنا ماڭا (دۇردۇننى پۇتىغىچە چۇشۇرۇپ نازلىنىپ ماڭىدۇ، كۈلۈشىدۇ).

قىز B: پەخەس بولسىلا خېنىم، پادىشايىم ئۇچىنچى خوتۇنلۇققا ئېلىپ سالمىسۇن، يەنە.

قىز A: ئالسا ئېلىۋەرسۇن، مەن ماۋۇ يېڭى خېنىمدىن قالاتتىمۇ؟ (كۈلىدۇ، مېڭىشنى توختىتىپ) ھەي ئاداش، راست، بۇ ئامانىساخان ھەجەپمۇ...

قىز B: ھوي ساراڭ، خېنىم دە، ئاغزىڭ كويىدۇ.

قىز A: راست ئاغزىمغا تاش-تۇپراق (يەرگە تۈكۈرىدۇ)، ئامانىسا ئاغىچا خېنىم، بولدىمۇ ئاداش. (كۈلۈشىدۇ) راستىلا، ھەجەپمۇ ئۇز ئىكەن-ھە. خۇدايىم ئۇنىڭ جامالىدىن بىزگىمۇ ئازراق بېرىپ قويسىچۇ.

قىز B: ھە، بەكىلا قاۋۇل قىز ئىكەن. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن، مېڭىش-تۇرۇشلىرىدىن قارىغاندا، خېلى-خېلىسىگە ئۇزىنى تەڭ قىلمايدىغان ئوخشايدۇ.

قىز A: ھە، سۇلتان بىكاردىن ئاشىق بولماپتىكەندە.

قىز B: ئەمدى يادىگار خېنىم قانداق قىلارىكىن، (يادىگار خېنىم چىقىپ، توختاپ سور ئاڭلايدۇ) ئىچىنى ھەرە چاققاندەك بولۇپ

يۇرىدۇ، مۇشۇ كۇنلەردە.

**قىز A:** نىمە بولسا بولمامدۇ، ھە دىسە تىللاپ. بىزگە ئارام بەر-مەيتتى، تويسۇن تازا...

**يادىگار خېنىم:** (ئىككى قىز بىلەن چىقىدۇ. غەزەپ بىلەن كېلىپ A قىز-نىڭ چېچىدىن ئالىدۇ، B قىز قاچىدۇ) ھە، ئۇلگۇر دىدەكلەر، يەنە تېخى مەندىن كۇلۇشمەكچى بولۇشتۇڭمۇ؟ (قىزلارغا) ئۇرۇڭلار بۇنى (قىزلار ئىلاجسىز ئۇرىدۇ. A قىز يىغلىدۇ).

**مىرزا ئېلى تاغاي:** (يادىگار خېنىم چىققان ياقتىن چىقىپ كېلىدۇ) خاپا بولمىسىلا خېنىم، بۇ شۇمتەكلەر بىلەن تەڭ بولامدىغان.

**يادىگار خېنىم:** (ئارقىسىغا قاراپ) ھەي قايسىڭ بار؟ (ئىككى نەپەر ساقچى كىرىدۇ) ئەپ چىقىڭلار ماۋۇ گادايىنى، ئەدەبىنى بېرىڭلا. ماڭا تىل تەككۈزگۈچىلەر كورۇپ قويسۇن!

**قىز A:** (يادىگارنىڭ ئايىغىغا يىقىلىدۇ): ئاغىچا خېنىم، توۋا قىلدىم، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي!... (يادىگار خېنىم تەتۈر قاراپ ساقچىلارغا ئىشارەت قىلىدۇ. ساقچىلار قىزنى سورەپ ماڭىدۇ، قىز زار-لانغانچە چىقىپ كېتىدۇ).

**مىرزا ئېلى:** سەۋرى قىلسىلا خېنىم، ئەمدى چېچىلمىسىلا، بولىدىغان ئىش بولدى، (بادامخان رەھمەت بىلەن ئوڭ ياقتىن كىرىدۇ، بۇلارنى كورۇپ چېكىنىدۇ ۋە موكۇپ سوزلىرىنى ئاڭلايدۇ) خاننىڭ كوڭلىنى گۇزەل خېنىم ئەپ قاچتى. ئەمدى باشقا يول... (مىرزا ئېلى يادىگار خېنىمغا يېقىنلاپ كۇلۇپ خوشا-مەت قىلىدۇ).

**يادىگار خېنىم:** ھەممىسى ئالدامچىلىق، چىرايلىق گەپلەر، "ئولۇ-مەن"، "كويۇمەن"، ئاقىدى، كوكىدى... بىر تويىنى بۇزۇش

قولىدىن كەلمەيدىكەنۇ، تېخى ۋەزىر بولۇپ قاپتىمىش؟!

**مىرزا ئېلى:** سۇلتان چىڭ تۇرۇۋالدى، سوزۇم ئوتمىدى. ئوزلىرىگە بەرگەن ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم. بۇنىڭدىن كېيىن...

**يادىگار خېنىم:** بولدى، باشقىدىن ۋاپا يوق ئىكەن. ئەمدى كارامىتىمنى ئوزەم كورسەتمىسەم... (چىرايى بىردىنلا غەزەپكە كېلىدۇ.) ئامانىسا خېنىم... تېخى مېنىڭ بېشىمغا دەسسىمەكچىمۇ سەن (سوغاق كۇلىدۇ). توختاپ تۇر، گادايىنىڭ قىزى... سېنىڭ جاجاڭنى بەرمىسەم يادىگار دىگەن ئېتىمنى يوتكىۋېتىمەن...

(مۇشتلىرىنى تۈرۈپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ. موكۇپ تۇرغان بادامخان چوچۇپ دىمىنى ئىچىگە تارتىدۇ. ئاۋازى چىقىپ كېتىدۇ. رەھمەت بادامخاننىڭ قولىدىن تارتىپ تاشقىرىغا قاچىدۇ).

**يادىگار خېنىم:** (چوچۇيدۇ): ئۇ كىملەر؟

**مىرزا ئېلى:** ئىككى كىشى، ئامانىسا بىلەن كەلگەن رەھمەت دىگەننى ئارقىسىدىن تونۇپ قالدىم.

**يادىگار خېنىم:** ئۇ ئەبلەخنىڭ يۇرىگىنى مىجىپ تاشلىمىسام...

**مىرزا ئېلى:** ھەر ئىش ئوز يولى بىلەن بولىدۇ (تالادا ناغرا-سۇناي، مۇزىكا ئاۋازى كوتىرىلىدۇ). خېنىم ئويگە كىرىپ ئالسىلا، ئۇلارنىڭ كىرەر ۋاقتى بولۇپ قالدى (يادىگار خېنىم ئىچكىرىگە — سول تەرەپكە كىرىپ كېتىدۇ. مىرزا ئېلى ئوڭ ياققا — توي بولۇۋاتقان تەرەپكە چىقىپ كېتىدۇ).

[مۇزىكا ئاۋازى يېقىنلايدۇ. سول ياقتىن بەش-ئالتە قىز يۇگۇرۇپ چىقىشىدۇ. تاشقىرىغا قاراپ: "كىرىۋاتىدۇ، ئەنە كىرىۋاتىدۇ" دەيدۇ، چاۋاك چېلىپ خوش بولىدۇ.

[جاراڭلىق مۇزىكا ئاۋازى ئاستىدا ئوڭ ياقتىن ساۋۇت كېيگەن، قالقان-قىلىچلىق ساقچىلار كىرىپ ئورۇندۇق ئارقىسىغا ۋە توي باقىلىرىغا

ئورۇنلىشىدۇ. ئۇلاردىن كېيىن ئوندىن ئىككى قاتار قىز - يىگىت شات - خورام ئۇسۇل ئويناپ كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدە شاھ - خانلارچە كىينگەن ئابدۇرىشىتخان بىلەن ئامانىنساخان، ئامانىنساخاننىڭ بېشىغا ئۇزۇن نېپىز سوسۇن ياغلىق ئارتىلغان، ئۇنىڭ ئارقىسىدىراق بادامخان، ئۇلاردىن كېيىن مىرزا ھەيدەر، مىرزا ئېلى، ئوسمان سەردار، ئېلى پاششاپ بەگ، قىدىرخان، ئومەر سازەندە، قاۋۇل مىرزىلار؛ ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا ۋەزىر - ۋۇزرالار، سولەتلىك بايلار، سەللىلىك ئاخۇنلار ئۈچ - تۆتتىن قاتار بولۇپ كىرىشىدۇ. ئاخىرىدا ئەر - ئايال توي قاتناشچىلىرى كىرىپ كېلىدۇ. ئابدۇرىشىتخان ئامانىنساخان بىلەن ئۇدۇلدىكى مەخسۇس ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرىدۇ. باشقا ئەمەلدارلارمۇ ئولتۇرىشىدۇ. كىشىلەر ئارقىلىرىدا تۇرىدۇ.

**ئابدۇللا بەگچەك:** (كىرىپ، مۇزىكىچىلارغا توختاش ئىشارىتى بېرىدۇ. مۇزىكا توختايدۇ. خاننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىدۇ) جانابى خوجا مەھەممەت ئىشان ھەزرەتلىرى تەشرىپ قىلدى!

**ئابدۇرىشىتخان:** مەرھەمەت قىلسۇن (بەگچەك چىقىدۇ. خان - خېنىم قوپۇپ بىرنەچچە قەدەم ئىلگىرى مېڭىپ توختايدۇ، كوپچىلىك تالا ياققا دىققەت قىلىشىدۇ. ئاياللار نېپىز ياغلىق بىلەن يۈزلىرىنى يابىدۇ. بەگچەك ئىشان ھەزرەتنى باشلاپ كىرىدۇ. ئالا - يېشىل ئۇزۇن تون كىيگەن، بېشىدىكى يېشىل كۇلاغا چوڭ سىرىق شايە سەللە ئورىغان، ئۇزۇن ئاقساقال - بۇرۇتلۇق، قوشۇملىرى تۇرۇلگەن ئىشان ھەزرەت ئىككى نەپەر ياش سوپىنىڭ ھەمرالىقىدا ھاسا تايىنىپ كىرىپ كېلىدۇ. خان بىلەن خېنىم يېقىن كەلگەن ئىشاننىڭ ئالدىغا ئېگىلىپ تازىم قىلىدۇ، ئىشان كوزىنى يۇمۇپ، بىرنىمىنى ئوقۇپ ئۇلارغا "سۇف" دەيدۇ. خان ئىشاننى باشلاپ سول يېنىدىكى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىدۇ. ئولتۇرۇشىدۇ).

**ئىشان:** (قوللىرىنى ئىگىز كوتىرىدۇ، باشقىلارمۇ كوتىرىدۇ) ئىلاھا ئامىن، توي مۇبارەك بولسۇن، سۇلتان ئالىلىرىغا ۋە مەلىكە خانىمغا

ئاللا يار بولغاي ئاللاھۇ ئەكبەر! (ساقلىنى سىلايدۇ، باشقىلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ). مەلىكە كىلىننى ساز ئەھلى دەپ ئاڭلىدۇق، سۇلتان جاناپلىرىمۇ سازغا ھەۋەسكار ئەمەسمۇ. سازنى يامان دىگىلى بولمايدۇ، ۋە لېكىن تەرىقەت ئىشلىرى ساز بىلەن ئانچە چىقىشالمايدۇ. جانابى ئاللا سۇلتان جاناپلىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!

**ئابدۇرىشتخان:** ھەزرىتى پىرىمىنىڭ خەيىر-خاھلىغىغا تەشەككۇر.

**مىرزا ئىلى:** سۇلتان ئالىلىرىنىڭ دىن ئەھكاملىرىغا چىڭ ئەمەل قىلىشىغا ئىشەنچىمىز كامىل. ئەمما ئوردا ئىچىدە باشقىلارنىڭ سۇلتان ئالىلىرىنىڭ مۇددىئاسىغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىشلىرىدىن ھۇشيار بولۇشىمىز لازىم (يەر ئاستىدىن مىرزا ھەيدەر ۋە قىدىرخانغا قارايدۇ).

**مىرزا ھەيدەر:** سۇلتان ئالىلىرىنىڭ مۇددىئاسى-ئەل مۇددىئاسى. بىز دائىم ئەلنى ۋە ئەل مەنپەئەتىنى ئۇنۇتماسلىغىمىز لازىم.

**مىرزا ئىلى:** سازچىلىقنىڭ ئەل مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىسا كېرەك، جانابى باش ۋەزىر.

**ئومەر سازەندە:** ئەلنەغمە-ئەل مەنپەئەتىنى، ئەلنىڭ تىلەك-ئارزۇلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ "ئەلنەغمە" دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىشان:** (قوشۇملىرىنى تۈرۈپ ئومەر سازەندىگە تىكىلىدۇ) بۇ زاتنى ياخشى تونۇيالمىدىم.

**ئومەر سازەندە:** (قوپۇپ تازىم قىلىدۇ) ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ ئەسلىرىدىن چىقىپ قالسام كېرەك، پەقىر ئومەر سازەندە بولىمەن.

**مىرزا ئىلى:** سۇلتان سەئىتخان ئۆز ۋاقتىدا ئوردىدىن...

**ئىشان:** ھە، ھە، يادىمغا چۈشتى. شۇ سازچىلىق، مۇقامچىلىق ئىش-لىرى ئەمەسمىدى... خوپ، بۇ ئىشلارنى كېيىن سوزلىشەرمىز...
**ئابدۇرىشتخان:** پەدەرىنىڭ ۋاقتىدا جانابى ئومەر سازەندىنىڭ ئور-دىدىن كېتىپ قېلىشى توغرا ئىش بولمىغان ھەزرىتىم. بۇ ئىشتا پەدەرىنىڭ ئەيىۋى يوق...
**قىدىرخان:** جانابى ئومەر ئەل سويەر سازەنىدى. شۇڭا ئەل ئۇنى سويىدۇ. مەلىكە ئامانىساخېنىمنىڭ ئۇستازى بولۇش شەرىپىگە لايىق.
**ئىشان:** ھە، ھە، مەلىكەمنىڭ ئۇستازى، ئۇستاز... ئۇستاز بولىغان ياخشى، ياخشى ئۇستاز بولۇش كېرەك... ھە، خوپ، سۇلتان ئالىلىرى، ماڭا رۇخسەت قىلغايلار
(قوپۇپ كېتىشكە تەييارلىنىدۇ. ھەممە قوپۇشىدۇ. خان بىلەن خېنىم ئۇزىتىدۇ. ھەممە ئىشان كەتكەن ياقىا قاراپ تۇرىشىدۇ).
[خان بىلەن خېنىم قايتىپ ئوز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرىشىدۇ. ئامانىساخان يۇزىدىكى رومالنى ئالىدۇ، مۇزىكا ياڭرايدۇ. باشقا ئاياللارمۇ روملىنى ئېلىشىدۇ. ئامانىساخانىڭ گۇزەل جامالى كىشلەرنى جەلىپ قىلىدۇ. تويىنىڭ تەنتەنىسى ئۇلغىيىدۇ. بىر توپ ئۇسۇلچى قىز-يىگىتلەر زالدىكى تاماشاچىلار ئارىسىدىكى يوللاردىن كېلىپ، پەلەمپەي بىلەن سەھنىگە چىقىدۇ، ئىككى قاتار بولۇپ تىزىلىدۇ، خان خېنىمغا تازىم قىلىدۇ، ئاندىن بىر مەيدان ھورمەت ئۇسۇلىنى بىجا كەلتۇرۇپ ئىككى يانغا چېكىنىشىدۇ. كېيىن ئوز ۋاقتىنىڭ ئۇسۇلچىلىرىغا خاس چىرايلىق كىيىنگەن بىر جۇپ قىز-يىگىت ئۇسۇل ھەركىتى بىلەن سەھنىگە كىرىدۇ. مۇزىكا قەدىمىي ئۇسۇل پەدىسىگە يوتكىلىدۇ. قىز-يىگىت بەك چاققان ۋە نەپىس ئويىنى-لىدىغان قەدىمىي ئۇيغۇر ئۇسۇلىنى ئويىنايدۇ. ئۇسۇلنىڭ مىڭ ئويلەر-دىكى ئۇسۇل رەسىملىرىدىكىگە ئوخشاش ھەركەتلىرى كىشىنى قاتتىق جەلىپ قىلىدۇ. خان-خېنىم ئۇسۇلغا قىزغىنلىق بىلدۇرىدۇ.

[مۇزىكا يوتكىلىدۇ. بىر قىزنىڭ قەدىمىي يالغۇز ئۇسۇلى يۇقۇرى ماھارەت بىلەن ئىجرا قىلىنىدۇ.

[مۇزىكا سەنەمگە يوتكىلىدۇ. قىز - يىگىتلەر بىرلەشمە ئۇسۇلغا چۈشىدۇ. ئۇسۇل ئۈچ قىسىمغا بولۇنىدۇ. بىرىنچى قىسمى لەرزان ئوينىلىدۇ. ئىككىنچى قىسىمغا كەلگەندە، ئۇسۇلچىلار بايىقى يالغۇز ئۇسۇلچى قىزنى دەۋر قىلىپ شوخ ھەركەت بىلەن ئوينايدۇ. ئۈچىنچى قىسمىدا ئۇسۇل سۇرئىتى كۈچىيىدۇ. مۇزىكا ئەۋجىگە چىقىدۇ، ئۇسۇل قاينايدۇ.

[ئابدۇرىشىتخان ئامانىساخان بىلەن خوشال ئورنىدىن تۇرىدۇ، باشقىلارمۇ تۇرىدۇ. ئۇسۇلچىلار خان - خېنىم ئالدىغا بېرىپ تازىم قىلىدۇ ۋە ئارقىسىغا چېكىنىپ خان - خېنىمغا يول ئېچىپ ئۇسۇلىنى داۋام قىلدۇرىدۇ، ئويۇن ئەڭ يۇقۇرى ئەۋجىگە كوتىرىلىدۇ. سۇلتان ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، ئويۇنچىلارغا ھورمەت بىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ماڭىدۇ. كوپچىلىك ئۇلارغا تازىم قىلىدۇ. ئامانىساخان يېنىك تازىم بىلەن كوپچىلىككە جاۋابەن ھورمەت بىلدۇرىدۇ. مۇزىكا ياڭرايدۇ... ئابدۇرىشىتخان بىلەن ئامانىساخان سول تەرەپكە بۇرۇلىدۇ.

— پەردە چۈشىدۇ.

# ئىككىنچى پەردە

# بىرىنچى كورۈنۈش ئويغىنىش

[بەش يىل كېيىن.

["چەبىيات"نىڭ مۇستەزات مەرغۇلى بىلەن پەردە ئېچىلىدۇ.

[ئوردا، تەنتەنىلىك ساراي، ئامانىساخاننىڭ ئىشخانىسى: شىرە - ئورۇندۇقلار ۋە يېزىق شىرەسى قويۇلغان. ئوي چىرايلىق زىننەتلەنگەن. ئامانىساخان ئويلاپ ئولتۇرىدۇ، كېيىن خىيالچان ھالدا شىرە ئۈستىدىكى خۇشتارنى ئېلىپ، "چەببىيات"نىڭ مۇستەزاتىنى چالىدۇ. خۇشتار كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزگۈدەك مۇڭلۇق چېلىنىدۇ. ساز توگەي دېگەندە يادىگار خېنىم ئىشىكتىن كىرىپ، سازنى ئازراق ئاڭلايدۇ، كېيىن ساز توختىشىغا ئالىپتا قىياپەت بىلەن يېقىنلىشىدۇ.

**يادىگار خېنىم:** (كۈلىدۇ) ھا، ھا، ھا... چوكان خېنىم، ھەجەپ مۇڭلىنىپ قاپلىغۇ؟! (ئامانىساخانغا سەپ سالىدۇ.)

**ئامانىساخان:** (خۇشتارنى شىرەگە قويۇپ، ئورنىدىن قوپىدۇ) بۇيان كىرىپلا، چوڭ ئاغچا خېنىم (تازىم قىلىدۇ)، مەرھەمەت، ئولتۇرسىلا (تەكلىپ قىلىدۇ).

**يادىگار خېنىم:** (ئولتۇرىدۇ) زارلىنىپ ھەسرەت چېكىش — بىزنىڭ ئوردىمىزغا يات ئىش. يۇرتنى سېغىنغان بولسىلا كېتىۋەرسىلە

بولۇۋېرىدۇ (ئۇ مەنستمەي ئەتراپقا قارايدۇ).

**ئامانىساخان:** چوڭ ئاغىچا خېنىم! سوزلىرىگە چۈشىنەلمىدىم.

**يادىگار خېنىم:** ها، ها، ها،... (زاڭلىق قىلىپ كۈلىدۇ) چۈشىنەلـمەسلىكىڭىز مۇمكىن. دوت خوتۇن سۇلتانغا كېلىشمەيدۇ، ئوتۇنـچىنىڭ قىزى ئوردىغا ياراشمايدۇ. ها، ها، ها،...

**ئامانىساخان:** (ئاچچىغى كېلىدۇ) خېنىم! بۇنداق سېسىق گەپلىرىنى ئاڭلايدىغان كىشىگە بېرىپ دەپ بەرسىلە. مەن بۇ ئوردىغا خۇشتار بولۇپ كەلگىنىم يوق...

**يادىگار خېنىم:** (كۈلىدۇ) ۋايەي، بۇ خېنىمنىڭ ئاچچىغىدىن ئورگۈـلۈپ كەتمەيمۇ تېخى. هاي گادايىنىڭ قىزى، سەن تېخى ماڭا گەپ يانـدۇرغۇچى بولۇپ كەتتىڭما؟ مەن كىم؟ بىلەمسەن؟ مېنىڭ دادامنىڭ هويلىسىدا سەندەك نىملەردىن قىرىق ـ ئەللىگى دىدەك بولۇپ پىقىراپ يۈرۈيدۇ، بىلدىڭمۇ؟

**ئامانىساخان:** (تەتۈر قاراپ) شۇ دىدەكلەر ئاھلىرى تۇتقاي سېنى، ئاشۇ قۇللار ياشلىرى يۇتقاي سېنى!

**يادىگار خېنىم:** مەن سېنىڭ شېىر ـ پېىرلىرىڭنى بىلمەيسمەن. هە، سەنـزە، تېخى مەن بىلەن تاكاللىشىدىغان بولۇپ كېتىپسەن ـ دە، (ئىككى قولىنى بەللىرىگە قويۇپ دوق قىلىدۇ) خەپ توختاپ تۇر، بۇ ئوردىدىن سېنىڭ ئىزىڭنى يوقاتمىسام مەن خان ئاغـچىلىق ئېتىمنى يوتكىۋېتىمەن! (چالۋاقاپ چىقىپ كېتىدۇ).

[ئامانىساخان قاتتىق ئەلەم بىلەن بېرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ ۋە بېشىنى تۇتقانچە چوڭقۇر خىيالغا چوكىدۇ. كېيىن قەغەز ـ قەلەم ئېلىپ بىرنەرسە يازىدۇ، ئۇنى ئىچىدە ئوقۇيدۇ، يەنە خىيالغا كېتىدۇ...

[رەھىمەت بىلەن بادامخان خوشال كىرىدۇ. لېكىن ئامانىساخانىنىڭ

ئويچانلىغىنى كورۇپ پەسىيدۇ. ئامانىساخان ئۇلارنى كورۇپ قوز-
غىلىدۇ)

**رەھمەت:** ئاغچا خېنىم!...

**ئامانىساخان:** (ئۇنىڭ سوزىنى بولۇپ، نارازى قىياپەتتە) مەن سىلەرگە
تەكرار ئېيتمىدىممۇ؟ يەنە شۇ بىزارى تەكەللۇپلەر...

**رەھمەت:** كەچۈرگەيسىز، ئوردىنىڭ تەكەللۇپ سوزى، ھەممە شۇن-
داق ئاتاپ كەتتىغۇ.

**ئامانىساخان:** سىلەر "ھەممە" مۇ؟ تۇغۇلۇپ بىللە ئوسكەن دوست-
لىرىم، ساۋاقداشلىرىمىغۇ؟... ھە، قانداق (كۇلىدۇ) كوڭلۇڭلەر
خوشمۇ؟ توي قىلغىلى ئىككى يىل بولاي دەپ قالدى. تېخى
پەرزەنتىڭ خەۋەر يوققۇ؟

**بادامخان:** (ئېزا ئارىلاش): قويىسىلا خېنىم، ئوزىمىز بالا تۇرساق
تېخى...

**رەھمەت.** مانا قايىلىسىلا خېنىم، بادامگۇل شۇنداقلا دەيدۇ. مەن
بولسام، چۇش كوردۇملا ئوغۇل كورىمەن. بىر ئوغۇل تاپساق،
ئېتىنى "بۇغراخان" قوياتتىم. چوڭ بولغاندا، سۇلتان سۇتۇق
بۇغراخاندەك ھوكىرەپ چىقسپ، دۇنيانى ئاستىن-ئۇستۇن
قىلىۋەتسە! ئاھ، نىمە دىگەن ياخشى ئىش بولاتتى (ھەممىسى
كۇلىدۇ).

**بادامخان.** بۇ "داپ"قا يەنە ۋالاق تەگدى، گەپىي تۇگىمەيدۇ.
خېنىم ئوزلىرىنىڭ كەيپى ئانچە ياخشى ئەمەسقۇ؟

**ئامانىساخان:** ھە، يەنە شۇ "خېنىم"، ئاداش، دوستۇم دىگەن
ئىناق سوزلەر تۇگەپ كېتەرمۇ؟ ياق، ئۇ ئىناق سوزلەرنى تاش-
لىۋەتمەيلى، ئاداشلىرىم. مەن بۇ ئوردا تەكەللۇپلىرىدىن

شۇنداق زېرىكتىمكى، بېرىپ ئاشۇ  تارىم بويىدا چاڭ كوتىرىپ ناخشا ئېيتقۇم كېلىدۇ، سىلەر بىلەن ئىلگىرىكىدەكلا سۇ چېچە-شىپ، قوغلىشىپ ئوينىغىم كېلىدۇ.

**بادامخان:** ئوھ! شۇنداق بولسىغۇ ياخشىدى، بۇ يەردىكى ھە-شەمەتلەر، تەنتەنىلەر...كىشىنى ئازاپلايدۇ. گويىاكى قەپەزدىكى تورغايغا ئوخشايدۇ كىشى، شۇ قەپەزدىن چىقىپ پەلەككە كوتىرىلىپ ئەركىن پەرۋاز قىلغۇم كېلىدۇ (ئۇ، ئارزۇسىنى ھەركەت بىلەن ئىپادىلەيدۇ) ئاھ..ئىلاجىڭ قانچە؟! بوينۇڭ قىلدا باغلاغ-لىق-تە!

**رەھمەت.** بولدى تورغاي، ئۇچمايلا قويسىلا، بەربىر قەپەزنىمۇ بۇزالمايلا، قىلىنمۇ ئۈزەلمەيلا.

"ئاتاڭ قىچقاردىمۇ كەكلىك،
ئاناڭ قىچقاردىمۇ كەكلىك،
قەپەزنىڭ قەدرىنى بىلمەي،
ئۇچۇپ كەتكەن نادان كەكلىك"

دىگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟

**بادامخان:** ئۇ، ئاشۇ خوجاملارنىڭ راۋايەتلىرى، تېخى "قەپەزنىڭ قەدرىنى بىلمەي"... ئىمىش. قۇش ئۇچۇن قەپەزمۇ قەدىرلىك ئىكەندە؟! قاراڭ بۇ ئاجايىپ مەنتىقىنى ؟! ئەركىن قۇش ئۇچۇن قەپەزدىن دەھشەتلىك نىمىمۇ بارمۇ دۇنيادا؟ مەيلى ئۇ كۇمۇشتىن، ھەتتا ئالتۇندىن ياسالغان بولسۇن، بەربىر قەپەز-دە.

**ئامانىساخان:** (بۇ سوزگە دىققەت قىلىدۇ، ئاستا ئورنىدىن قوپۇپ ئويلايدۇ ۋە بادامخاننىڭ سوزىنى تەكرارلايدۇ) "كۇمۇشتىن، ھەتتا ئالتۇندىن

ياسالغان بولسۇن، ئۇ، بەربىر قەپەز"...

[كېيىن ئۇ يىراققا كوز تىكىپ خىيال قىلىدۇ، كېلىپ سول قولى بىلەن بادامخاننىڭ دولىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى ئىگىز كوتىرىپ تۇرۇپ شېئىر دىكلىماتسىيە قىلىدۇ:

كۇمۇش قەپەز، ئالتۇن قەپەز بەربىر قەپەز،
قەپەز ئىچرە ئالالماس بۇلبۇل شاد نەپەس،
قويۇۋەتسە ئوز ئەركىگە، قىلغاي ئۇ پەرۋاز،
بۇلبۇل ئۇچۇن يوق بۇنىڭدىن باشقىچە چوڭ ھەۋەس.

**رەھمەت:** (چوڭقۇر تەسىراتتا) بەك توغرا، ياخشى شېئىر ئېيتتىڭىز ئامانىنساخان. دۇنيادا ئەركىنلىكتىن ئەلا نەرسە يوق. ناۋايە-نىڭمۇ قەپەز توغرىسىدا يازغان بىر شېئىرى بار ئىدى، ئۇ قانداق ئىدى؟ (ئويلايدۇ.)

**بادامخان:** ئەلىشىر ناۋايى مۇنداق دىگەن:

"ئالتۇن قەپەز ئىچرە ئەگەر قىزىلگۇل ئۇنسە
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشيان بولماس ئىمىش".

**رەھمەت:** ھە، توغرا، شۇنداق.

[بادامخان شىرە ئۈستىدە يېزىقلىق يەنە بىر شېئىرنى كورۇپ قولىغا ئالىدۇ، ئىككىسى بىللە ئۇنى ئىچىدە ئوقۇيدۇ. ئۇلار تېخىمۇ تەسىرلە-نىدۇ. بادامخان ئاشۇ شېئىر يېزىلغان قەغەز ئارقىسىغا بايىقى قەپەر توغرى-سىدىكى شېئىرنى يېزىپ قويىدۇ.

**ئىشىك ئاغىسى:** (كىرىدۇ) قىدىرخان ياركەندى بىلەن ئومەر سازەندە كىرىشكە ئىجازەت سورايدۇ.

**ئامانىنساخان:** كىرسۇن.

[قىدىرخان يەركەندى بىلەن ئومەر سازەندە كىرىدۇ، ئامانىنساخانغا سالام بېرىدۇ، ئاۋۇ ئىككىسى بىلەن باش ئېگىپ ئامانلىشىدۇ. ئامانىنسا-

خان ئۇلارنى ھورمەت بىلەن قارشى ئالدۇ. ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدۇ، ئولتۇرۇشدۇ.

**قىدىرخان:** ئاغچا خېنىمنىڭ تەنلىرى سالامەتمىكىن؟

**ئومەر سازەندە:** خېنىمنىڭ ئامانلىغىغا تىلەكداشمىز. (قولنى مەيدىسىگە قويۇپ ئېگىلىپ قويىدۇ)

**ئامانىساخان:** رەھمەت ئۇستازلىرىم، ماڭا شۇنچە كوڭۇل بولۇشكەن-لىكلىرى ئۇچۇن تەشەككۇردىن ئاجىزمەن.

**بادامخان:** ئامانىسا خېنىمنىڭ كوڭۇللىرى خاتىرجەم ئەمەس. (شىرە ئۇستىدىكى شېئىر يېزىلغان قەغەزنى قىدىرخانغا بېرىدۇ) مانا ماۋۇ شېئىرنى بىز كىرىشتىن ئاۋال يېزىپتىكەن، بىز كىرگەندىن كېيىن ئەركىنلىك توغرىسىدا گەپ بولۇپ (قەغەزنىڭ ئارقىسىنى كورسىتىپ) ماۋۇ شېئىرنى ئوقۇدى.

**قىدىرخان:** (ھەر ئىككى شېئىرنى ئىچىدە ئوقۇيدۇ) قىزىم، ھەجەپ ئۇمىت-سىزلىكقۇ، بۇ؟!

**ئامانىساخان:** شۇنداق ئۇمىتسىزلىك...، كوڭۇل ئازادىلىگى يوق. بەش يىل بولدى، بىر قەدەم-بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلىمەكتىمىز. ئەمما، قەدەملىرىمىز بەك ئاستا، ھەم مەزمۇت ئەمەس. مۇقامنى رەتلەش ئىشىمىز قىيىنچىلىقتا، قارشىلىقتا ئۇچرىماقتا. ۋەزىيەت-تىن خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن. (شىرە ئۇستىدىكى دادىسىدىن كەلگەن خەتنى قىدىرخانغا بېرىدۇ. ئۇ، بىر ئاز كوزدىن كەچۇرۇپ، ئومەر سازەندىگە بېرىدۇ، ئومەر سازەندە بىر قاتار قاراپ چىقىپ كېرەك-لىك جايلىرىنى ئوقۇيدۇ):

"...قىزىم، ھازىر دىخانلارنىڭ ئەھۋالى شۇنداق ئېغىركى، كوزۇڭ بىلەن كورمىگىچە چۇشەندۇرۇپ بېرىش قىيىن. يىل بويى قۇلدەك ئىشلەيدۇ، لېكىن، يا قوساقتا يوق، يا كىيىمگە. ئاچ-يالىڭاچلىقنىڭ

ئازاۋىنى تارتىۋاتىدۇ. بىرى كېلىپ "ئالۋاڭ" دىسە، بىرى كېلىپ "هاشار" دەيدۇ. بىرسى خاننىڭ ئەمرى دىسە، بىرسى بەگنىڭ هوكـمى دەيـدۇ. بايلار بىردەم "ئىجارە هەققى" دەپ ئالسا، بىردەم "سۇ هەققـى" دەپ ئالىدۇ. تېخى ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دىگەندەك يانا ئىشان ـ موللىـلارنى دىمەمـسەن؟! ئۇشرە ـ زاكات دەمدۇ، تىلاۋەت ـ سەدىـقە دەمـدۇ، ئىش قىلىپ يۇقۇرىدىن تۆۋەنگـىچە خـان ـ بەگـلەر، ئىشان ـ موللىـلار هەرىدەك ئولۇشۇپ، دىخانلارنى تالىغىنى تالىغان. ئاخـىرى دىخانـلارغا قالىدىغىنى ئارا ـ گۆرجەك.

قىزىم! بۇ سۇلتاننىڭ ئادالىتى نەگە كەتتى؟ سەن ئوردىغا بېرىشـتا بەرگەن ۋەدىلىرى نەگە كەتتى؟ سەن ئەسلى ـ نەسلىڭنى ئۇنۇتـتۇڭمۇ؟ ياق، ئۇنۇتماسلىغىڭ كېرەك. دىخان بالىسىغا نەسلىنى ئۇنتۇش، خەلقنى ئۇنتۇش ــ بۇ جىنايەت..."

**قىدىرخان:** شۇنداق. بۇ خىلدىكى خەتلەر بارغانسېرى كوپەيمەكتە. پۇخرالار زارلىـماقتا، ئىگرىـماقتا. مەن يېقىنـدا سۇلـتانغا بۇ ئەهۋاللارنى ئېيتتىم. سۇلـتان بۇ ئىشـلارغا كوڭـۈل بولمەكتە. ئەمما، سۇلتاننى بىر خىل قارا كۈچ قانداقتۇ كورۈنمەس زەنـجىر بىلەن باغـلاپ، يار لېۋىـگە تارتماقتا. مۇقامـنى رەتلەش ئىشىمىز يەنە چوڭراق قىيىنـچىلىقلارغا دۇچ كېلىـشى مۇمكىن، بۇنىڭغا تەييار تۇرۇشـمىز لازىم، ئۈمىتـسىزلىنىشـكە بولـمايدۇ (بادامخان بىلەن رەهمەت خوشلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ).

**ئومەر سازەندە:** ئوچۇق ئېيتىش كېرەك. هەممە بالايى ـ ئاپەتلەرـنىڭ يىلتىزى خـوجا مەهەمـمەت ئىشـان، ئۇنىڭ قىلـچى ــ مىرزا ئەلى تاغاي، ئەلى پاششاپ بەگ بولسا بىر جاللات. بۇلار بارىكەن، ئوردىغا ياخشىلىق، يۇرتقا ئامانلىق كەلمەيدۇ. مۇقامـچىلىق ئىشىمىز چوقۇم توسقۇنلۇققا ئۇچرايـدۇ (هەممىسى بىرئاز جىددىلىشىدۇ).

**قىدىرخان:** (ئاگاھلاندۇرۇش ئاھاڭىدا ئۇمەر سازەندىگە) ئېھتىياتكار-لىق لازىم. مىرزا ئىلى تاغاي — مەمۇرى ئىشلار ۋەزىرى، ھوقۇقى چوڭ. خوجا مەھەممەت ئىشان بولسا خەلق ئىچىدە نوپۇزى چوڭ بىر زات. يەنە كېلىپ ئۇ ئوردىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى.

**ئامانىساخان:** توغرا، ئېھتىياتكارلىق كېرەك. جانابى ئۇمەر ئاتىنىڭ سوزى ئەينى ھەقىقەت. مىرزا ئىلى ۋەزىرلىككە قانائەت قىلمايدىغان قارا نىيەت، ئۇ ھەرقانداق سۇيىقەست ئىشلىتىش-تىن يانمايدۇ. ھۇشيار بولۇش كېرەك. ئۇ ئىشانىنىڭ قولتۇغىغا كىرىۋالدى، سۇلتان بولسا، ئىشانىنىڭ سوزىنى رەت قىلالمايدۇ. سۇلتانغا بۇ پىكىرنى ئېيتتىم، ئۇ چۈشەنگەندەك قىلدۇ. بىراق...

**ئۇمەر سازەندە:** بىراق سۇلتانىنىڭ تولۇق چۈشىنىشى قىيىن. مىرزا ئېلى ھارامزادە سۇلتانىنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇۋالغان.

**قىدىرخان:** ئىشانلىق، سوپىچىلىق بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. "دىنغا قارشى" "دەھرى"، "شەرىئەتكە خىلاپ" دىگەن ئاتالمىش جىنايەتلەر بىلەن بىگۇنا كىشىلەر جازاغا تارتىلماقتا. مۇقامنى رەتلەش ئىشىمىز بارغانسېرى جىقراق قارشىلىققا ئۇچرىماقتا.

**ئامانىساخان:** شۇنداق. دارغا ئېسىلدىغانلارنىڭ سانى كوپىيىپ، دار يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. خۇسۇسەن، ئاياللارنى دارغا ئېسىش كوپەيمەكتە...ئىشان-سوپىلار سەنئەت، ئەدەبىيات ئىشلىرىنى دىن نامى بىلەن باسماقتا. ئەلنەغمىچىلىك، قوشاقچىلىق، ئەركىن ئەدەبىيات مەنئى قىلىنماقتا. يېقىندا

ئىشان ماڭا دارىتىملاپ، سۇلتانغا "ئوردا سانائى نەپىسىسى شەرىئەت يولىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى لازىم" دېدى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ بىرەر قەستى بارلىقىنى كورگىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كوز تىككىنى مۇقام.

**قىدىرخان:** ئەھۋال جىددى ۋە مۇرەككەپ. ھوشيار بولۇش كېرەك. ئەڭ مۇھىمى، سۇلتانىنىڭ ھوشيارلىقىنى ئاشۇرۇش، سۇلتانغا ياردەم قىلىش كېرەك، خېنىم بۇ جەھەتتە جىقراق... (سۇلتان ئابدۇرىشىتخان مىرزا ھەيدەر بىلەن كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئەكرەم بار. ھەممىسى ئېھتىرام بىلدۇرىدۇ. مىرزا ھەيدەر ئامانىسا-خانغا ئالاھىدە ھورمەت بىلدۇرىدۇ).

**ئابدۇرىشىتخان:** (خوشال قىياپەتتە) ھە، جامائەت جەم ئىكەندە! سازەندىلەر، مۇقام ئۇستازلىرى... سالام، سالام، قېنى ئولتۇرايلى (ئولتۇرۇشىدۇ).

**قىدىرخان:** سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ ئېتىۋارىغا رەھمەت. ئەگەر بىزدە ھەقىقى مۇقام ئۇستازلىرى چىقسا ھەجەپ ياخشى بولغان بولار ئىدى. چىن سازەندىلەر ئەل ئارىسىدا، سۇلتان ئالىيلىرى. ئوردا سانائى نەپىسىسى قارشىلىقىدا دۇچ كەلمەكتە. مۇقامىنى رەتلەش ئىشىمىز كاشىلىغا ئۇچرىماقتا.

**ئومەر سازەندە:** ساز بابىدا قىدىرخان جاناپلىرىنى ئۇستاز دېيىش لازىم. بۇ كىشىنىڭ مۇقام توغرىسىدا قايغۇرۇشى ئورۇنلۇق. كۆرەش بولىدىكەن قارشىلىق بولىدۇ. ئەمما...

**مىرزا ھەيدەر:** سۇلتان ئالىيلىرى بار، ئامانىسا خېنىم بار. ئامانىسا خېنىمنىڭ ماھارەتلىك سازەندە ۋە شائىرە، قەھرىمان ئەل قىزى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

**ئامانىساخان:** تەرىپلىرىگە تەشەككۈر، باش ۋەزىر جاناپلىرى. كەمىنە بۇ باپتا بىر كىچىك شاگىرت بولالىسام قانائەتلەنگەن بولار ئىدىم.

**ئابدۇرىشتخان:** (كۈلىدۇ): ها، ها، ها.... كەمتەرلىك، كەمتەرلىك، ياخشى ئىش. لېكىن ئۇزىنى بەك تۆۋەن چاغلاشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس. (ئامانىساخان بىلەن ئۇمەر سازەندىگە قاراپ) بەش يىل ئىلگىرى تارىم بويىدا ئامانىساخانىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزگەن سوھبىتىمىز ھازىرقىدەك يادىمدا. مەن شۇ كۈنى "شېرىن سۇخەن، ئۆتكۈر تىكەن سوھبەت بولدى" دەپ بىكار ئېيتمىغان ئىدىم. (مىرزا ھەيدەرگە قاراپ) ئاھ، دوستۇم، مىرزا ھەيدەر، ئۇ سوھبەتنى سىزگە شۇنچىلىك تۇگۇندىمكى، ئەپسۇس، سىز بىللە بولمىدىڭىزدە. ئامانىساخان، جانابى ئۇمەر سازەندە يەنە (ئەتراپقا قارايدۇ) بادامخان، رەھمەت، خۇسۇسەن بۇ كىشىنىڭ دادىسى (ئامانىساخاننى كورستىدۇ)، بۇلار مېنى يەنى شۇ كۈنكى ئۇۋچىنى شۇنداق كېلىشتۇرۇپ قامچىلىدىكى، "ۋاي" دېيىشنىڭ ئىلاجى يوق. بىر ياقتىن "قامچا" جايىدا ئۇرۇلماقتا، يەنە بىر ياقتىن ئۇزەڭ "ئۇۋچى" دە. ها، ها، ها،... (قاقاقلاپ كۈلىدۇ، ھەممىسى قوشۇلۇپ كۈلىدۇ).

**ئامانىساخان:** ھىلىمۇ ياخشى، ئۇ كۈنكى كىشىنىڭ "ئۇۋچى" بولغىنى، بىر دەردىمىزنى چىقىرىۋاپتىكەنمىز-دە، ئەگەر بىلگەن بولساق...

**ئۇمەر سازەندە:** ئەگەر بىلگەن بولساق ھەددىمىز يوق ئىدى ئەلۋەتتە. ئۇزلىرى كەتكەندىن كېيىن قورققىنىمىزنى سورىمىسىلا.

**مىرزا ھەيدەر:** ئۇۋ قىلىپ، ياۋا ھايۋانلىرىمىزنى قىرىۋەتتىڭ دەپ

تازا سالماپسـلەردە.

**ئابدۇرىشتخان:** ۋاي جان، ئۇنىڭغىمۇ تاس قالدى. يىرتقۇچ هايـ ۋاننى ئاتماي هـۇلارنى ئاتسا، كىيىكلەرنىڭ ئوغـلاقلىرى ناله قىلىپ سەرسان بولسا... ۋاهاكازا. ئۇنىڭ ئۇستىگە ماۋۇ بىزنىڭ ئەكرەم نوچىنىڭ گەپىنىڭ ماهىيىتىنى چۈشەنـمەي، مىـنى تازا ماختاپ پو ئاتقىنىنى دىمەمسىز ، (ئەكرەم ئاغزىنى قولى بىلەن يېپىپ كۇلىدۇ) ئاران بالالىقتا گەپنى ئوۋدىن باشقا ياقـقا بۇراپ كەتـ تۇق. بولمىسا سىز دىگەندەك باشقا كالتەك تېگـشىمۇ ئېهتىمال ئىدى. ئۇندىن كېيىن نەغمىگە كوچۇپ كەتتۇق.

**مىرزا هەيدەر:** ئۇ كۇنكى نەغمە توغرىسىدا ماڭـا بىرنەچـچە قېتىم سوزلەپ بەرگەنلىكلىرى يادىمدا.

**ئابدۇرىشتخان:** ئاشۇ كۇنكى ئەلنەغمە ۋە شېىرىيەت رىشتىسى بىزنى شۇنداق مەهكەم باغلىدىكى، ئاخىرى هەممـىمىز بۇ يەرگە جەم بولـدۇق (ئامانىساخانغا قاراپ كۇلۇمسىرەيدۇ). شۇنداق ئەمەسمۇ؟

**ئامانىساخان:** شۇنداق سۇلتانىم، شۇ سوهبەت بولمـىسا، بۇگۇنكىـ دەك سوهبەتلىرىمىزمۇ بولماس ئىدى. ئەمـما، ئاشۇ دوستلۇق رىشتىسىدىن باشقا قانداقتۇ بىر كورۇنمەس قارا زەنـجىر هازىر ئوردىدا مەخپى سورۇلۇپ يۇرىدۇ، بۇنىڭدىن ئاگاه بولمـىغىمىز لازىم.

**ئابدۇرىشتخان:** (چوچۇپراق ئامانىساخانغا قارايدۇ) بۇ ماڭـا بىرىنچى ئاگاهلاندۇرۇش ئەمەس.

**ئومەر سازەندە:** سۇلتان جاناپلىرىنىڭ ئەسلىرىدە بولۇشى كېرەك، ئاشۇ ئۇچرىششىمىزدا ــ تارىم بويىدا مەن "ئەپسۇسـكى، ئاشۇ پېتنەخور، سۇيىقەستـچى مەخلۇقلار هازىـرمۇ خان ئوردىـسىدا

ئويۇن ئوينىماقتا“ دىگەن ئىدىم.

**ئابدۇرىشتخان:** (ئويلىنىپ) ياخشى ئىپىسمدە. ئابدۇرىشتخان ئۇنى ياكى بىلمەيدۇ، ياكى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسلىككە سالىدۇ دىگەنلىرىمۇ ئىپىسمدە.

**ئومەر سازەندە:** ئەنە شۇ مەخلۇق، رەھمىتى سۇلتان سەئىدخاننىڭ بىشىغا پالاكەت كەلتۈرگەندەك... (ئۇ سوزىنى داۋام قىلالماي تازىم قىلىدۇ) كەچۈرگەيلا، جانابى ئالىلىرى.

**ئابدۇرىشتخان:** ئابدۇرىشت ئۇنى بىلمىگەنمۇ ئەمەس، بىلمەسلىككە سالغانمۇ ئەمەس. ئەمما مەسىلە شۇنچىلىك دەرىجىگە يەتكەنمىكىن؟!

**مىرزا ھەيدەر:** قانداقتۇ سۇيىقەست پىلانلانماقتا. مەككار ۋەزىر مىرزا ئىلى تاغاي تۇلكىلىك ھىلىسنى ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەتمەكتە. ئۇ، بىر تەرەپتىن، خوجا مۇھەممەت ئىشانغا سەجدە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوزىنى جانابى ئالىلىرىنىڭ ”قۇلى“ دەپ ئىشەندۇرۇشكە ئۇرۇنماقتا.

**قىدىرخان:** شۇنداق، سۇلتان ئالىلىرى، ئوردىدا ھىلە-مىكىر ئىشلىتىش، خالايىققا زۇلۇم سىلىپ، ئەلنى خانلىقتىن، جانابى ئالىلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش، ئەلنەغمە، مۇقامنى دىنغا قارشى دەپ ئىغۋا تارقىتىش—رەزىل قەست، ئەشەددى مۇناپىقلىق.

(ئابدۇرىشتخان: ھەم جىددى ھەم سالماقلىق قىياپەتتە مىڭىپ يۇرۇپ پىكىرلەرنى ئاڭلايدۇ. باشقىلار ئارقا-ئارقىدىن شكايەت قىلىدۇ.)...

(ئوسمان سەردار ھەربى ۋەزىرلىك كىيىمدە كىرىدۇ، ئاۋال ئوردا قائىدىسى بويىچە خانغا سالام بىرىدۇ، كىيىن باشقىلار بىلەن ئامانلىشىدۇ، ئابدۇرىشتخان ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ).

**ئامانىساخان:** مىرزا ئېلىنىڭ قەستى يالغۇز مىرزا ھەيدەر جاناپ-لىرىنىڭ باش ۋەزىرلىگىنى ئېلىشلا ئەمەس. ئۇنىڭ خەنجەرىنىڭ ئۇچىنى كىمگە قاراتقانلىغى بارغانسېرى روشەن بولماقتا. ياۋا خەنجەر...

**ئابدۇرىشتخان:** (توختاپ ئۇنىڭ سوزىنى بولىدۇ) ھە... ھە... "ياۋا خەنجەر يەپ قېلىش" ئېھتىمالىدىن ساقلىنىش لازىم، شۇنداق-مۇ؟ (ئامانىساخاندىن سورايدۇ)

**ئامانىساخان:** شۇنداق سۇلتان جاناپلىرى، ئەمما ئۇ ۋاقىتتا بۇ سوزنى ئۇستاز ئومەر جاناپلىرىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ئېيتقان ئىدىم. ئوردىغا كەلگەندىن بېرىكى بىرمۇنچە دەلىللەر "يەك ئىچىدە ياۋا خەنجەر يوشۇرغان دوست"نىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ماڭا خېلى ياخشى تونۇتتى.

**ئوسمان سەردار:** (كىيىن سەردار دەيمىز) ئەلىنىڭ مۇداپىەسى، خەلق-نىڭ ئامانلىغى خەۋپكە دۇچ كەلمەكتە. ئىچىمىزدە بولسا، ئەمەلدارلارنىڭ پارىخورلىغى، ئورۇنسىز ئىمارەت، ھەشەمەت-لىك مەدرىس-مازالار قۇرۇلۇشى ۋە ئىسراپخورلۇقلار ئامىنىڭ ئۇستىدىكى يۇكنى ئېغىرلاشتۇرماقتا. ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى ۋە قورالىنىشى تەلەپكە لايىق ئەمەس. مەمۇرى ۋەزىر مىرزا ئېلى بۇ ئىشلارنى قەستەن قىلماقتا.

**ئابدۇرىشتخان:** ئوسمان سەردارمۇ سىزلەرگە قوشۇلىدىكەن-دە. ھەربى نۇقتىنەزەردىن مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلماق سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز. ئەمما، بەزى ئەھۋالىلارنى پۇختا تەتقىق قىلماق لازىم.

**قىدىرخان:** خوجا مۇھەممەت ئىشان دىنىي ئىشلاردا سوپىچىلىقنى

ئەۋج ئالـدۇرۇپ، سەنـئەت ئىشـلىرىـغا، مۇقامـنى رەتـلەش ئىشـىمىزغا توسقۇنلۇق قىلغانـدىن باشـقا، خانلىقـنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا...

**ئابدۇرەشىتخان:** ئىشـان ھەزرەتـلىرى ئۇلۇغ زات (بىر ئاز جىددىـلىشىدۇ).

**ئامانىساخان:** ئىشان ھەزرەتلىرى سۇلتان جاناپلىرىنىڭ ئالى مەسلىـھەتچىسى، ئالى ھورمەتلىك زات. ھەممىمىزنىڭ ئېھتىرام بىلەن ئىززىتىنى قىلماقلىقىمىز ھاجەت. لېكىن، ئىشان ھەزرەتـلىرى سۇلتان ئالىلىرىنىڭ ساداقىتىنى ھورمەت قىلىـشى لازىم ئىدى. سۇلتان جاناپلىرىنى قوللاش كېرەكـمۇ، ياكـى پىتـنىخور مىرزا ئېلى ئىستىبـداتـىنى، ھەتـتا ئۇنىڭ سۇيىـقەستـىنى قولـلاش كېرەكـمۇ؟!

**مىرزا ھەيدەر:** ئىشان ھەزرەت، ھە... ئۇ مىرزا ئېـلىنىڭ ھىـلەـمىكرىسىنىڭ سىرىنى چۈشىنىشـتە ئاجىز. دىنىي خۇراپاتـلار ئۇ كىشىنىڭ كوزىنى باغلىغان.

**ئامانىساخان:** ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ مىرزا ئېلىنى قوللاپ، ھاكىمىـيەت ئىشلىرىغا ۋە قانۇن ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ كەلـتۈرۈۋاتـقان ئاقىۋەتلىرىگە قاراپ ئولتۇرساق بولماس، خانلىق ــ ھاكىمىيەت، سىياسەت، مەمۇرىيەت، ھەربى، ئىقتىـسات، خەلق ئىشلىرى ــ بۇلارنىڭ ھەممىسى سۇلتان جانابى ئالىلىرىـنىڭ ئالى ھوقۇقى، بۇ ھوقۇقـلارنى بىر ۋەزىر ئىشان ھەزرەتـكە يولنىۋېـلىپ ئوز خاھىشى بويىچە ئىشلەتـسە، بىـگۇنا كىشـلەر دارغا ئېسىلسا، كىشلەرنىڭ ئەركىنـلىكى بوغۇلسا، ئوردا ئىچـىدە بىرسى يەڭ ئىچىدە پىچاق يوشۇرسا، بىرسى خىلۋەتتە خىرىس قىلسا..ئاھ!...

قانداق ئاقۋەتلەر يۈز بېرىشى ئېهتىمالكىن-تاك؟... ئۇلۇغ سۇلتانىم، بىزگە بۇ ئىشلارنى جىددى ئويلاش ۋاقتى ئاللىقاچان كەلدى. ئەگەر بىپەرۋالىق قىلساق، كېچىكىپ قالىمىز، "كېيىنكى پۇشىمان ئۆزىگە دۈشمەن" بولۇپ قالىدۇ. كەچۈرگەيلا جانابى سۇلتان، يارانلارنىڭ سۆزلىرىنى قەدىرلەش كېرەك. "دوست ئاغرىتىپ ئېيتىدۇ، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ"...

(ئابدۇرىشتخان جىددى قىياپەتتە ئورنىدىن قوپىدۇ، مېڭىپ بىر ئايلىنىپ كېلىپ شىرە ئۈستىدىكى ئىككى شېئىرنى كورىدۇ، ئۇنىڭغا دىققەت قىلىدۇ، كېيىن قولىغا ئېلىپ ئوقۇيدۇ):

"كۈمۈش قەپەز، ئالتۇن قەپەز بەربىر قەپەز،
قەپەز ئىچرە ئالالماس بۇلبۇل شاد نەپەس.
كىمكى ئەركىنلىك قەدرىنى بىلمىسە،
ئۇندا يوق ئىرادە، ئارزۇ ھەۋەس"

(ئۇ بىشنى كوتىرىپ ئويلايدۇ ۋە قەغەزنىڭ ئارقىسىنى ئورۇپ ئوقۇيدۇ):

"باغ ئارا سەيلى قىلىپ كېزىمەن ھامان،
كوڭۈلدە تەلپۈنەر ئارزۇ-ئارمان،
ۋە لېكىن خىلۋەتتە قىلىدۇ خىرىس،
قىزىل گۈل بەرگىگە ئورالغان يىلان"

ئۇ ئىككىنچى شېئىرنىڭ كېيىنكى ئىككى مىسراسىنى ئويچان ھالدا تەكرارلايدۇ):

"ۋە لېكىن خىلۋەتتە قىلىدۇ خىرىس،
قىزىل گۈل بەرگىگە ئورالغان يىلان"...

(ئۇ دەرىزە ئالدىدا تاشقىرىغا قاراپ يەنە ئويلايدۇ. ئويدە جىمجىتلىق ھوكۈم سۈرىدۇ. كىشىلەرنىڭ قىياپىتىدە ھەم ئەندىشە ھەم ئۈمىت ئىپادە قىلىنىدۇ. ئابدۇرىشتخان بۇرالماي قولىنى ئارقىسىغا سوزىدۇ)

(ئامانىسـاخان خۇشتارنى ئۇنىڭغا سۇندۇ. سۇلتان غەزەپلىك ئاھاڭـدا شۇنداق قاتتىق جالىدۇكى، ئاھاڭ ئەۋجىگە چىققاندا خۇشتارنىڭ تارىسى ئۈزۈلىدۇ. ئارقىسىغا بۇرۇلىدۇ، كەسكىن قىياپەتتە مىڭىپ كېلىپ خۇشتارنى شىرەگە قويىدۇ. شىـرەگە ئارقىسـىنى قىلىـپ، قوللىرىـنى مەيدىسـىگە قوشتۇرۇپ، ئۆرە تۇرىدۇ).

**ئابدۇرىشتخان:** (كەسكىن ھالدا) بۈگۈنكى سوھبىتىمىزنىڭ يەكۈنى: (باشقىلار قوپۇشىدۇ) جانابـى مىرزا ھەيدەر بىلەن جانابى ئوسمان سەردار مەسئۇل بولۇپ، بىر پەرمان لايىھىسىنى تەييارلىسۇن. مەزمۇنى:

1. ھوكۇمەت چىقىمىنى ئازايتىـش، پاراخورلۇق ھەم ئىسراپچىـلىققا قارشى تۇرۇش.
2. خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ ـ ياساقنى مەلۇم نىسبەتتە ئازايتىش.
3. ئادەم ئۆلتۈرۈشنى چەكلەش.
4. ھەربى ئىشلارنى كۈچەيـتىش، لەشـكەرلەرنىڭ تەمىـناتىنى يولغا قويۇش...

لايىھە تەييارلانغاندىن كېيىن ئوردا كېڭەشنى ئوتكۈزەيلى. ئاغرىتىپ بەرگەن پىكىرلىرىڭلەرگە رەھـمەت دوستـلىرىم. ھەم ھۇشيار ھەم ئېھتىياتچان بولايلى. ئىشان ھەزرەتكە ئازار بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك.

(باشقىلار رازىلىق بىلدۇرۇپ تازىم قىلىدۇ)

**ئابـدۇرىـشتخان:** خـوپ شۇنـداق بولـسۇن... نەفسى (ئامانىسا-خانغا قاراپ كۈلىدۇ) سەنئەت ئىشلىرىنى، مۇقامنى رەتلەش خىز-مىتىنى كوزدىن كەچۈرۈشنى تەكلىپ قىلغان ئىدى، قىدىرخان بىلەن ئۇستاز ئومەر قارشى بولماس دەيمەن. قامچىلاشـقا نەغمە

قوشۇلسا غەپلەتتىكى بەڭۋاش چاپسانراق ئويغىنىشى مۇمكىن...
ناۋايىنىڭ بىر شېرى ئېسىمگە چۈشتى (بىر ئاز ئويلاپ ئوقۇيدۇ):

”ئەي مۇغەننىلەر ناۋايى مەس ئىدى كەچ ئويغانۇر،
ئۇنى ئويغاتماققا بىر دىلكەش تەرەننۇم ئەيلىگىز“

(ھەممە كۈلۈشىدۇ).

— پەردە چۈشىدۇ.

## ئىككىنچى پەردە

## ئىككىنچى كورۇنۇش   كوزدىن كەچۇرۇش

[شۇ كۈنى. ”ناۋا“ چوڭ نەغمە نۇسخىسىنىڭ مەرغۇلى بىلەن پەردە ئېچىلىدۇ.

[ئوردىنىڭ ھويلىسى، سالاپەتلىك كەڭ (ئىگىز) پېشايۋان ئوڭ (قارشى) تەرەپتە قىيپاش كورۇنىدۇ. سول (قارشى) تەرەپتە مېۋە دەرەخلىك ھويلا يېڭى ئېچىلغان گۇللەر بىلەن تولغان. باھارنىڭ شوخ مەنزىرىسى كىشىگە زوق بېرىپ تۇرىدۇ.

[سول (قارشى) تەرەپتە گىلەم ئۇستىدە سازەندىلەر، ناخشىچىلار، ئۇسۇلچىلار نەغمە قىلماقتا.

[ئوڭ (قارشى) تەرەپتە ئوتتۇرىدىكى ئىگىزرەك ئىككى ئورۇندۇقتا خان

بىلەن خېنىم، ئۇلارنىڭ ئىككى يېنىدا: مىرزا ھەيدەر، ئوسمان سەردار، قىدىرخان... لار ئولتۇرۇپ ئوردا سەنئىتىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.
[ساز "ناۋا" مەرغۇلىدىن كېيىن "ناۋا"نىڭ كىچىك سەلىقەسىگە كوچىدۇ (ساز ـ ناخشا ـ خور) ئىجرا قىلىنىدۇ.

"ئۆزەڭنى ئەر بىلسەڭ ئۆزگىنى شىر بىل"،
پاراسەت ئەل ئىچىدە شۇنى ياخشى بىل،
"سانىماي سەككىز" دەپ پو ئاتساڭ ئەگەر،
تىلىڭدىن سۇنار چىشىڭ ئۇندىن ھەزەر قىل.

ئالدىراپ "بىلدىم" دىدىڭ شۇ بىلمىگىنىڭ،
ئالەمدە جىق بىلگىنىڭدىن بىلمىگىنىڭ،
بىلىم ئۇ بىپايان چەكسىز دېڭىز،
بىلگەنسىرى كۆپىيىدۇ بىلمىگىنىڭ.

بىلىم ھەرگىز خالىمايدۇ ماختانچاقنى،
ئەل ئايرىيدۇ مەرتنى، نامەرت ـ قورقۇنچاقنى.
كىم دوست تۇتقاي ھەقىقەتتىن قاچىدىغان،
ھارامزادە، ئالا كۆڭۈل "ئوبدانچاق"نى.

خوشامەت قىلسا ئۇ مەي قۇيما ساقى،
ئۇنىڭدا بولمىغاي ئادەم سىياقى.
ھەمىشە قىلغىنى ئالدامچىلىقتۇر،
تىلى "تاتلىق"، دىلىدا بار تۇزاقى.

ھەقىقەت ئېگىلىۈر سۇنماس ھېچ قاچان،
باتۇر شىر ئىزىدىن يانماس ھېچ قاچان،
كەلسىمۇ گەر جۇدۇن-چاپقۇنلارغا دۇچ،
مەرت يىگىت يولىدىن قايتماس ھېچ قاچان.

(رەھمەتنىڭ داپ چېلىشى خاننى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. خىور ئاخىر-لاشقاندىن كېيىن ئۇمەرنىڭ ئىشارىتى بىلەن كىچىك سەلىقىنىڭ مەرغۇلى باشلىنىدۇ. مەرغۇل بەك جانلىق ئوينىلىدۇ. خان كىچىك ھەركەت بىلەن، قولىنى ئورۇندۇققا ئۇرۇپ مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىدۇ).

**ئابدۇرىشىتخان:** بارىكاللا... بەك ياخشى. ئەمدى بىزنىڭ سەنئەت ئۇستىلىرىمىز (قىدىرخان بىلەن ئۇمەر سازەندىنى كورسىتىدۇ)نىڭ ماھارىتىنى كورسەك قانداق؟

**ئامانىساخان:** ئەلۋەتتە. جانابى قىدىرخان ئاتا قالۇن چېلىپ بەرسە بولامدىكىن؟

**ئابدۇرىشىتخان:** بەك ياخشى. مەرھەمەت (قىدىرخاننى تەكلىپ قىلىدۇ)

**قىدىرخان:** نىمە چالسام بولاركىن؟ (ئامانىساخانغا قاراپ)

**ئامانىساخان:** "ناۋا" مۇقامىنىڭ باشلىنىشى بولسا قانداق.

(رەھمەت دەرھال ئوتتۇرىغىراق بىر كورپە سېلىپ بېرىدۇ. قىدىرخان كېلىپ ئولتۇرۇشىغا، قالۇننى ئالدىغا قويۇپ بېرىدۇ. قىدىرخان قالۇننى سازلايدۇ ۋە ئازراق كالتە يوتۇلىۋېلىپ، "ناۋا"نىڭ باشلىنىش ئاھاڭىغا چالىدۇ. قىدىرخان قالۇننى شۇنداق تەسىرلىك چالىدۇكى، كىشىلەر بەك ھاياجانلىنىدۇ. سۇلتان دىققەت بىلەن ئاڭلايدۇ. مىرزا ھەيدەر كوزىنى سۇرتۇپ ئالىدۇ. مۇقام تۇگىگەندە ھەممە روھلۇق چاۋاك چېلىشىدۇ).

**ئابدۇرىشىتخان:** (بېرىپ قىدىرخاننى يولەپ تۇرغۇزىدۇ ۋە ئورۇندۇققا

ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ) ئىنتايىن ياخشى قىدىرخان تاغا. ھەقىقەتەن ئەل نەغمىلىرىنىڭ ماھىر ئۇستىسى بولۇشقا ئەرزىيدىلا.

**قىدىرخان:** ئىلتىپاتلىرىغا تەشەككۈر جانابى سۇلتان ئالىيلىرى (ئورنىدىن قوپۇپ تازىم قىلىدۇ).

**ئابدۇرىشىتخان:** ئەمدى يەنە بىر مۇغەننى ئاقساقال قالدى (ئۆمەر سازەندىگە قارايدۇ).

**ئامانىساخان:** جانابى ئۆمەر ئاتا قېلىشمايدۇ، ئەلۋەتتە، قېنى، ئۇستاز؟

**ئۆمەر سازەندە:** بىز "ناۋا" مۇقامىنىڭ تەزىسىنى داۋام قىلدۇر-ساق (ئامانىساخان سۇلتانغا قارايدۇ، سۇلتان "ماقۇل" دېگەن ئىشا-رەتنى قىلىدۇ).

**ئامانىساخان:** مەيلى، مەرھەمەت.

[ئۆمەر سازەندە بادامخان بىلەن رەھمەتنى چاقىرىدۇ. ئۇلار بىرى داپ، بىرى دۇتار ئېلىپ كېلىدۇ. يەنە بىرى ساتارنى ئېلىپ كېلىپ ئۆمەر سازەندىگە بېرىدۇ. ئۈچەيلەن ئوتتۇرىدىكى كورپىدە ئولتۇرۇپ "ناۋا" مۇقامىنىڭ تەزىسىگە ساز بىلەن ناخشا ئېيتىدۇ.

**ئابدۇرىشىتخان:** بەللى، رەھمەت جانابى ئۆمەر تاغا، جانابلىرى يېتىشتۇرگەن شاگىرتلار ئىزلىرىنى بېسىپ ئەل ئىجادىيىتىنى گۈللەندۇرگۈسى. كونا دوستلىرىمىز — بادامخان، رەھمەت، بارىكاللا سىلەرگە، سەنئەتىنىڭ سەركەردىسى بولغايسىلەر.

**ئامانىساخان:** (ئۆمەر سازەندىگە قاراپ) قىزلار نەغمىسىنى سۇلتان جانابلىرى ئاڭلىمىغان، ئەتىمالىم (خانغا قارايدۇ).

**ئابدۇرىشىتخان:** توغرا، ئامانىساخان ئېيتقان ئىدى. قېنى ئاڭلايلى (ئۆمەر سازەندىنىڭ ئىشارىتى بىلەن چىرايلىق كىيىنگەن،

قوللىرىدا كىچىك جىرىڭلىمىسى بار داپ كوتەرگەن بەش نەپەر ئۇز قىز چىقىپ خان ـ خېنىملارغا تازىم قىلىدۇ. ئاندىن ئۇدۇلغا ــ گىلەم ئۈستىگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ نەغمە باشلايدۇ. ئۇلار داپنى چىرايلىق ئۇرۇپ، خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىدۇ؛ ئاۋال توۋەنرەك ئاھاڭدا بىر پەدە ناخشا ئېيتىدۇ. كېيىن شوخ ئۇسۇل ئاھاڭىغا يوتكەيدۇ. بىر جۈپ قىز ـ يىگىت يان تەرەپتىن چىقىپ ئۇسۇلغا چۈشىدۇ، شوخ ـ چاخچاقلىق، چاققان مىللى ئۇسۇل ئىجرا قىلىنىدۇ. 3 ـ پەدىگە ئوتۇپ ئويۇن ئەۋج ئالىدۇ. قىزلارمۇ قوپۇپ چوڭ ئىشتىياق بىلەن ناخشا ئېيتىدۇ...).

**ئابدۇرىشتخان:** بارىكاللا، باللار، بىزنىڭ روھىمىزنى پەلەككە كوتەردىڭلار. ھەجەپ ياخشى.

**مىرزا ھەيدەر:** شۇنداق، جانابى ئالىلىرى، چاقماقتەك باللار، ئويۇنلىرىمۇ چاقماقتەك ئىكەن، قايىلمەن.

**قىدىرخان:** ئەمدى ئۇسۇللار كورسەكمىكىن؟ (خان خېنىمغا قارايدۇ، ئامانىساخان خانغا قارايدۇ. خان رازىلىقىنى بىلدۇرىدۇ)

**ئامانىساخان:** مەرھەمەت (قىدىرخانغا جاۋاپ بېرىدۇ).

[ئومەر سازەندىنىڭ قول ئىشارىتى بىلەن "ناۋا"نىڭ "جۇلا"سىغا ساز باشلىنىدۇ. بادامخان يالغۇز (دولان) ئۇسۇلى ئوينايدۇ. بادامخان بەك ئۇز ئوينايدۇ. ئۇ ئاخىرىدا بەش نەبەر ئەر (بىرى رەھمەت)، توت نەپەر ئايال ئۇسۇلچىنى تەكلىپ قىلىدۇ (ئوزى بىلەن بەش). ساز "ناۋا" سەنىمى ئاھاڭىغا يوتكىلىدۇ. ئۇسۇل ئىنتايىن ياخشى ئىجرا قىلىنىدۇ. شوخ دولان سەنىمى كىشىنىڭ روھىنى جانلاندۇرىدۇ... بادامخان باش بولۇپ ئۇسۇلچىلار بىلەن تىزىلىپ (ئويناپ) كېلىپ، خان بىلەن خېنىمنى ئۇسۇلغا تارتىدۇ. ئۇلار تارتىنمايلا ئۇسۇلغا چۈشىدۇ، سەھنە جانلىنىدۇ. ئۇسۇل قايناپ كېتىدۇ. خان خوشاۋاز، تېتىك ئوينايدۇ، خېنىم خوشال، نەپىس ئوينايدۇ. ئويۇن قىزىپ يۇقۇرى دولقۇنغا كوتىرىلىدۇ. سەھنە قايناپ كېتىدۇ.

ــ پەردە چۈشىدۇ.

# ئۈچىنچى پەردە

## بىرىنچى كورۈنۈش    شىرىن سۆخەن

[بىر ھەپتە كېيىن.
["ناۋا" مۇقامى چوڭ نەغمىسىنىڭ تەزە مەرغۇلى بىلەن پەردە ئېچىلىدۇ.
[ئوردا بېغى، ياپراقلىرى ئەمدى سارغايغان ھەر خىل دەرەخزارلىق ئىچىدە، كول بويىدا چىرايلىق ياسالغان شىپاڭ: ئوتتۇرىدا بىر چاسا شىرە، چورىسىدە توت ئورۇندۇق؛ شىپاڭ چورىسىدە كۆز گۈللىرى ئېچىلغان. دەل دەرەخلەر ئارىسىدىن ئوتكەن بىر ئېرىق سۇ كولگە كىرىپ ئايلىنىپ يەنە بىر ئېرىقتا چىقىپ ئېقىپ تۇرىدۇ. باغنىڭ بىر چېتىدە يىراقتا بالاخانىلىق سولەتلىك ئىمارەتنىڭ بىر قىسمى كورۈنۈپ تۇرىدۇ. ئويدىن شىپاڭغىچە گۈللەر ئارىسىدىن ئوتكەن يالغۇز ئاياق تاش يول كورۈنۈپ تۇرىدۇ.
[ئابدۇرىشىتخان ئويچان ھالدا شىپاڭدا ئايلىنىپ يۇرىدۇ، ئۇ بىر پەستىن كېيىن كېلىپ شىرە ئۇستىدىكى بىر قەغەزنى ئېلىپ ئۇنىڭغا يېزىلغان خەتنى ئىچىدە ئوقۇيدۇ. ئاندىن شىرە يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنى تۇزىتىدۇ، يەنە ئوقۇيدۇ ۋە خوشال ئورنىدىن تۇرىدۇ.
[ساز توختايدۇ. ئامانىساخان كىرىدۇ. ئۇنىڭ پەيزى ياخشى. نىمىگىدۇ خوش...

**ئامانىساخان:** (سوزلەپ كېلىدۇ) شائىر سۇلتانىم، ئىلھام جايىدا چېغى... سىياقلىرىدىن بىر ەر ياخشى ئەسەر يازغانغا ئوخشايلىغۇ...

**ئابدۇرىشتخان:** (كۇلۇپ خېنىمنى قارشى ئالىدۇ. شىرەدىكى يېزىلغان شېىرنى ئامانىساخانغا سۇنىدۇ) ئەگەردە شائىرە "نەفسى"گە مەھزۇر بولسا، ئۇ ۋاقىتتا يامان دىگىلى بولماس.

**ئامانىساخان:** (شېىرنى ئىچىدە ئوقۇيدۇ، چىرايىدىن بارغانسېرى قىزىقىش، خوشاللىق كەيپىياتى بىلىنىدۇ)... ۋاي، ياخشىغۇ، ھەجەپ ياخشى. مەيلى شېىرىيەت بابىدا، مەيلى مەزمۇن...ھە، مەن بىر ئوقۇپ بېرەيچۇ... (ئۇ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ئوبدان دىكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇيدۇ. ئابدۇرىشتخان ئامانىساخانغا زوقى كېلىپ قاراپ ئولتۇرىدۇ):

"لوتف ئېتەي دەپ ياكى يار بىر ۋەدە قىلمايدۇ ھامان،
غۇنچىدەك قان باغلىغان كوڭلۇم ئېچىلمايدۇ ھامان.

پاش بولدى ئەلگە ھالىم قايسى تەدبىر ئەيلىيىن،
بىلدى ئەل ھالىمنى ئەمما، يار بىلمەيدۇ ھامان.

ساقىيا ئىشرەت مېيىدىن بىر يۇتۇم لوتف ئەيلىگىل،
خەستە كوڭلۇم غەم خۇمارىدىن ئېچىلمايدۇ ھامان.

توبى ۋە شەمشادى قەددىن باغ ئارا كورمەك نە سود،
سەرۋى يەڭلىغ قەددى دىلبويى تېپىلمايدۇ ھامان.

سەبىر قىلغىل ئەي رەشىدى ئاي يۈزۈڭنىڭ دەردىدىن،

بەندىگە ئازاتلىق خەتتى پۈتۈلمەيدۇ ھامان.“

[ئامانىنساخان شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ، ئويچان كېلىپ شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ، قولىغا قومۇش قەلەمنى ئېلىپ ئۇدۇلغا تىكىلگەنچە بىر ئاز ئويلايدۇ. كېيىن مۇنۇ شېئىرنى يازىدۇ ۋە ئۇنى ئوقۇپ بېرىدۇ:

”ساڭا يۈز شۈكرە يارەب بىزگە ئادىل پادىشا قىلدىڭ،
پەقىر مىسكىنگە ئابدۇرىشتخاننى پانا قىلدىڭ،
نەفسى كېچە-كۈندۈز قىل دۇئا تەڭرى تەقەددۇسىغە،
كە شاھنىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىق گۇنا قىلدىڭ.“

**ئابدۇرىشتخان:** (رازى قىياپەتتە كۈلىدۇ) بىزنىڭ ھەققىمىزدە دۇئا كەم بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن قامچىلاشمۇ ئاز بولمىدى. ئەمما، مەن شۇڭا رازىمەنكى، بۇ تارىم قامچىسى پەقىرنى غەپلەتتىن ئويغىتىپ تۇردى. بۇدومۇ شۇنداق.

**ئامانىنساخان:** ”قامچا“ ئەمەس، ئۇزلىرى ئېيتقانىدەك ”شىرىن سۇخەن“ دە.

**ئابدۇرىشتخان:** ھە، شۇنداق، ”شىرىن سۇخەن“، لېكىن ”ئوتكۈر تىكەنمۇ“ باردە. بۇ توغرا. بەك شىرىن نەرسە كوڭۈلگە تېگىدۇ، ئۇنىڭغا چۈچۈكلىك ئارىلاشمىسا بولمايدۇ.

**ئامانىنساخان:** بۇ ياخشى پەزىلەت ئۇزلىرى ئېيتقان دوستلۇق رىشتىسىنىڭ بىر خىل ئاملى بولسا كېرەك.

**ئابدۇرىشتخان:** ئۇ ئامىلنىڭ جىقراغىنى ئۇزلىرىدىن ئىزدەش كېرەك.

**ئامانىنساخان:** شېئىرلىرىنى ئوقۇپ راستىلا خوش بولدۇم. مەزمۇنى ياخشى، ئەمما، ئۇمتۇارلىق بولۇشى كېرەك. مادامىكى، ھالىمىز ئەلگە پاش بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ تەدبىرىمۇ بولۇشى كېرەك.

يۈزدىكى داغنى ئەينەكتە كورگەنـدىن كېـيىن، ئۇنى يۈيۈۋەتـ مىسە بولمايدۇ.

**ئابدۇرشتخان:** (كۈلۈپ) يانا قامـچا، مەيـلى، يۇمـشاق قامـچا...

(يادىگار خېنىم ئىشكـتىن چىقىـپ قالـدۇ ۋە غىپپىدا پەردە ئارقـسىغا موكۈپ مارايدۇ).

**ئامانىساخان:** (ئابدۇرشتخانغا يېقىنلىشىپ مۇلايىمـلىق بىلەن سوزلەيدۇ) ئىشرەت مېيىدىن ئەمەس، ئۇمىت مېيىدىن، جۇرئەت مېيىدىن بىر قەدەھ ئىچسەك ـ دە، قان باغلىغان غۇنچە كوڭلىمىز ئېچىلسا. (ئۇ مەنىلىك كۈلىدۇ... ئابدۇرشتخانىنىڭ ئىككى مۈرىسگە ئىككى قولىنى قويۇپ بىرئاز ناز بىلەن) بۇ قامچا ئەمەسقۇ، ئەزىز سۇلتانىم...

**ئابدۇرشتخان:** (ئامانىساخانىنىڭ بېلىـدىن تۇتىدۇ) ياق، بۇ شـىرىن سۇخەن. چـۇچۇك شـىرىن.... ئەمـما "سۇلـتان" دىگەنـلىرى نىمىسى؟ بۇ يەردە ھىچ كىم يوققۇ؟

**ئامانىساخان:** (ئابدۇرشتخانىنىڭ كوزىگە قاراپ كۈلۈپ) ئۇۋچى يىگىت!

**ئابدۇرشتخان:** (كۈلۈپ ئۇنى ئالدىغا تارتىدۇ) مۇقامچى قىز...

**ئامانىساخان:** (ئارقىسـغا قارايـدۇ) تىشش ... (خـان قولـىنى قويۇپ بېرىپ چېكىنىدۇ). مۇقامچى بولۇش ئاسان ئىش ئەمەس. كورگەنلا قىينچىلىقـلارنى؟

**ئابدۇرشتخان:** قىينچىلىقلارنى يېڭىپ، مۇقامـنى چوقۇم رەتلەش كېرەك. بىر ئۇلۇس ئوزىـنىڭ مىلـلى ئالاھىدىـلىگى بولـغىنى ئۈچۈنلا، ئوز ئوزىگە خاس بىر ئۇلۇس بولىدۇ. ئالاھىدىلىك ـــ ئالدى بىلەن سازچىلىق، ئەل نەغـمە. مۇقام بولـسا... ھە، بۇ ئىش توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىشـتا پەقىر، نەفـسىگە يېتەلـ مەيمەن. نەفسـىنىڭ نەپىسـلىگى ئۇنىڭ مۇقامـىنىڭ سىرىـنى

چۈشەنگەنلىگى ۋە ئىگەللىگەنلىگىدە.

**ئامانىساخان:** بەك ئاشۇرۇۋەتلە سۇلتانىم، ئەگەر ئەلىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى بولمىسا، بىر ئەمەس، ھەتتا يۈز كىشىنىڭمۇ قولىدىن ھىچ ئىش كەلمەيدۇ. مۇقامىنىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى، ئۇ ئەلىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئارزۇسى بىلەن مەھكەم باغلانغان، ئۇ بەك چوڭقۇر ۋە باي مەزمۇنغا ئىگە. مەسىلەن: ئەركىنلىك — مانا بۇ مۇقامىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. يەنە، مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، دوستلۇق؛ نەپرەت، غەزەپ، چېلىش...

**ئابدۇرىشتخان:** شۇنداق، مۇقام بەك قىممەتلىك غەزىنە. ئۇنى ئەلنەغمىنىڭ ئانىسى، دىسە ئارتۇق بولماس دەيمەن.

**ئامانىساخان:** (خوش بولىدۇ) توغرا، ئەرزىيدىغان ئانا. شۇنداق، تەتقىق قىلىنغانسېرى بۇ ”ئانا“نى ئۇچۇق كورمەكتىمىز. لېكىن، مۇقامنىڭ ئەدەبىياتى كېيىنكى يىللاردا ئاۋام خەلققە چۈشىنىكسىز ياققا قاراپ مېڭىپ قالدى. ئەرەپ، پارس تىللىرى بىزنىڭ تىلىمىز ئىچىگە ئىلگىرىلەپ كىرمەكتە. بۇ ھال بىزنىڭ تىلىمىزنى بۇزماقتا. ئەل چۈشەنمەيدىغان تىل مۇقامنى ئەلدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. بۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم بىر ئىش.

**ئابدۇرىشتخان:** ئىسىل تەپەككۇر. ئەلنەغمىنىڭ بۇلىغى بولغان مۇقامنىڭ تىلى ئەلنىڭ تىلى بولمىغى لازىم.

**ئامانىساخان:** بۈگۈن مەن بەك خۇرسەن. سۇلتانىمنىڭ مۇقام توغرىسىدىكى تەپەككۇرى ۋە بۇ ئىشتا بىزگە قىلغان دانا رەھبەرلىگى بىز ئۈچۈن چوڭ ئىلھام. (بىر قىز ئۇيدىن چىقىپ كېلىپ تازىم قىلىدۇ) تائام تەييار بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن (ئۇلار شىپاڭدىن

چۈشۈپ ئۆي تەرەپكە ماڭىدۇ.

ــ پەردە چۈشىدۇ.

## ئۈچىنچى پەردە

# ئىككىنچى كورۈنۈش پەرمان چۈشۈرۈش

[3 كۈن كېيىن. ئوردىغا خاس كاناي ـ سۇنايلىق ساز بىلەن پەردە ئېچىلىدۇ.

[ئوردىنىڭ رەسمىيەت سارىيى، ساراي سالاپەتلىك ياسالغان، تام ـ تۈۋرۈكلەرگە مىللى نەقىشلەر ئويۇلغان ۋە ھەر خىل رەسىملەر، سۈرەتلەر سىزىلغان.

[سول تەرەپتىكى ئىشىك ئالدىدا ئىشىك ئاغىسى ئابدۇللا بەگچەك كىرگەنلەرنى جاكالاپ تۇرىدۇ. قاۋۇل مىرزا (باش پۈتۈكچى) كىرگەنلەرنى قارشى ئالىدۇ.

**ئابدۇللا بەگچەك:** (چوڭ ئاۋاز بىلەن) خوجا قاسىم غەزنىچى!

(غەزنىچى پۈتۈكچى بىلەن ئامانلىشىدۇ)

**ئابدۇللا بەگچەك:** ئېلى پاشا پاشاپ بەگ! (ئۇ ھەربى ـ ساقچى ئەمەلدار كىيىمدە ھاكاۋۇر كىرىدۇ)

**ئابدۇللا بەگچەك:** ئوسمان سەردار! (ھەربى كىيىمدە تەنتەنىلىك كىرىدۇ)

**ئابدۇللا بەگچەك:** جانابى قىدىرخان يەركەندى! (بېشىدا سەللە، ئاددى پۇخرا كىيىمدە كىرىدۇ)

**ئابدۇللا بەگچەك:** جانابى مىرزا ئېلى ئاغاي! (ئوردا ئەمەلدارى كىيىمدە كىرىدۇ. مەككار كوزلىرى ئويناپ تۇرىدۇ).

**ئابدۇللا بەگچەك:** جانابى ئومەر سازەندە! (ساددە كىيىنگەن، بېشىدا سەللە كىرىدۇ)

**ئابدۇللا بەگچەك:** (ئاۋازلىقراق توۋلايدۇ) جانابى مىرزا ھەيدەر!

(مىرزا ھەيدەر باش ۋەزىرلىك كىيىمدە، ھەممە بىلەن مۇلايىم سالاملىشىدۇ. مىرزا ئېلىگە كەلگەندە قانداقتۇ سوغاق مۇئامىلە يۈز بېرىدۇ)

**ئەكرەم:** (ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكتىن ھەربىرچە مېڭىپ چىقىدۇ) سۇلتان جانابى ئالىلىرى قەدەم تەشرىپ قىلىدۇ! (ھەممە قوپۇپ شۇ تەرەپكە قارايدۇ. خان كىيىمى كىيگەن ئابدۇرىشىتخان جىددى قىياپەتتە چىقىدۇ. باشقىلار ئۇنىڭغا ھورمەت تازىمى بىلدۈرىدۇ. خان جاۋاپ ھورمىتى بىلدۈرىدۇ).

**ئابدۇللا بەگچەك:** خوجا مەھەممەت ئىشان ھەزرەتلىرى! (ھەممە ئۇ ياققا دىققەت بىلەن قاراپ بىرنەچچە قەدەم ماڭىدۇ، كېيىن ھورمەت بىلەن تازىم قىلىدۇ. خان ئۇ تەرەپكە ماڭىدۇ).

[سېرىق كۇلاغا چوڭ يېشىل سەللە ئورىغان، ئۈستىگە ياقا ـ پەشلىرى گۈللۈك ئۇزۇن جەندە چاپان كىيگەن، ئۇزۇن ئاقساقال، ھاسا تاياق تۇتقان، قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ئىشان سۈرلۈك قىياپەت بىلەن كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ ھورمەت تازىمىغا جاۋاپ قايتۇرىدۇ. خان ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەكلىپ بىلەن ئۇنى ئوز ئورۇندۇغىغا ئولتۇرغۇزىدۇ. كېيىن. خان ئوز ئورنىغا ئولتۇرىدۇ. خاننىڭ تەكلىۋى بىلەن باشقىلارمۇ ئوز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشىدۇ.

[ئۇدۇلدا چىرايلىق زىلچا سېلىنغان بىر گەزچە ئىگىز سۇپىدا، سولەتلىك ئورۇندۇقتا خان ئولتۇرىدۇ. ئوڭ تەرەپتە (پەستە) باشقىلارنىڭكىدىن سولەت-

لىكرەك بىر ئورۇندۇقتا باشقىلاردىن خانغا يېقىنراق ئىشان ھەزرەت، سول تەرەپتە مىرزا ھەيدەر، قالغانلار ئىككى ياقتا ئۆز ئورنى بويىچە ئولتۇرىدۇ.... خان بىلەن باش ۋەزىرنىڭ ئارقىسىدىراق قاۋۇل پۈتۈكچى ئولتۇرىدۇ. ئالدىدا يېزىق شىرەسى)

**ئىشان:** ئاللاھۇتائالا سۇلتان جاناپلىرىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغاي، ئامىن! (قول كۆتىرىدۇ، باشقىلارمۇ قوللىرىنى كۆتىرىپ يۈزىگە سىلايدۇ)

**ئابدۇرشىتخان:** (رەخمەت بىلدۇرۇپ، ئالدىغا ئېگىلىپ قويىدۇ) بۈگۈنكى كېڭەشىمىزدە خەلق ئىشلىرىنى كېڭەشىسەك دەيمىز. پۇخرالاردىن كەلگەن ئەرز-شىكايەتلەرگە ۋە بىرقانچە تەرەپتىن تەكشۈرۈشىمىزگە بىنائەن، بىر پەرمان تەييارلاندى (قولىدىكى يوگەكلىك پەرماننى قاۋۇل مىرزىغا بېرىدۇ): قاۋۇل مىرزا، ئوقۇڭ!

**قاۋۇل مىرزا:** (قومۇش قەلىمىنى قۇلىغىغا قىستۇرۇپ قويۇپ ئورە قوپىدۇ ۋە دىكلىماتسىيە ئاھاڭىدا ئوقۇيدۇ. ھەممە ئورۇنلىرىدىن قوپىدۇ)

## خانلىق پەرمان!

ئەلنىڭ پاراۋانلىقى ۋە ئامانلىقى، پۇخرالارنىڭ، خۇسۇسەن يوقسۇل پۇخرالارنىڭ تۇرمۇشى ۋە خاتىرجەملىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇشبۇ پەرمان جاكالاندى:

بىرىنچى، پۇقرالاردىن ئېلىنىدىغان باج-پاراقلارنىڭ يىگىرمە بەش فائىزى، يەنى توت مىڭ پاتمان① ئاشلىق، مىڭ چارەك پاختا، توت يۈز چارەك زاراڭزا، قىرىق يەتتە مىڭ سەر پۇل قىسقارتىلسۇن.

① بىر پاتمان — 132 كىلوگىرام.

بىر دىخان تۇتۇنىدىن ئېلىنىدىغان پاراق ئوتتۇرىچە بىر پاتماندىن ئاشماسلىغى كېرەك. مەھسۇلاتى جىقتىن جىقراق ئېلىش، ئازدىن ئازراق ئېلىش، يوقتىن ئالماسلىق. دىخانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرگە قەۋەتلەپ سېلىق سېلىشنى توختىتىش، ئورۇنسىز ھاشارلارنى توختىتىش. قەۋەتلەپ ئېلىنىدىغان دىنىي سېلىقلارنى سالماسلىق، ئۆشرە-زاكات ۋە ۋەخپى يەرلەردىن كىرگەن كىرىملەردىن دىنىي خادىملارغا مەلۇم دەرىجىدە سەرپ قىلغاندىن باشقىسىنى مەدرىس، مەسچىت قۇرۇلۇشلىرىغا ۋە چىقىملىرىغا سەرپ قىلماغلىق.

ئىككىنچى، خانلىق خىراجىتى مۇناسىپ رەۋىشتە قىسقارتىلسۇن. يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ مائاشىنى يىگىرمە فائىز قىسقار-تىش، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلغۇچىلارنى جازالاش، ئىسراپ-خورلۇقنى چەكلەش، بەگ-ئەمەلدارلارنىڭ، دىنىي خادىملارنىڭ ۋە يۇرت كاتتىلىرىنىڭ پۇخرالارنىڭ پۇل-مېلىنى تۇرلۇك شەكىللەر بىلەن تارتىپ ئالىدىغان قىلىقلىرىغا قارشى تۇرۇش. زورۇر بولغان مەسچىت-مەدرىس، سۇ قۇرۇلۇشلىرىدىن باشقا، ھاجەتسىز بىنا قۇرۇ-لۇشلىرىنى قىلماسلىق.

ئۈچىنچى، خالىغانچە ئادەم قاماش ۋە ئولۇم جازاسى بېرىش قەتئىي چەكلەنسۇن! ھەر دەرىجىلىك خانلىق مەھكىمىلىرى ۋە مەھكىمە شەرئىلەرنىڭ خالىغانچە ئولۇم جازاسى بېرىشنى چەكلەش ئۈچۈن، خانلىغىمىز ھوزورىدا ”جىنايى ئىشلارنى باشقۇرۇش ھەيئىتى“ تەشكىل قىلىنسۇن. بۇ ھەيئەتنىڭ تەستىقلاش ۋە نازارەت قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

تۆتىنچى، تاجاۋۇزچىلىق خەۋپىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ھەربى ئىشلار كۈچەيتىلسۇن. لەشكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى يولغا قويۇش،

گىيىم-كېچەك ۋە ئوق-ياراقلارنى ياخشىلاش لازىم. ھەربىي خىرا-
جەتكە خىيانەت قىلغۇچىلار رەھىمسىز جازالانسۇن.

سۇلتان ئابدۇرىشىتخان

ھىجرىيە توققۇز يۈز ئاتمىشىنچى يىلى، بارات ئايىنىڭ 15-كۈنى.

شەھەرى ياركەن

(خان ئورنىدىن قوپىدۇ. باشقىلار باش ئېگىدۇ)

— پەردە چۈشىدۇ.

# تۆتىنچى پەردە
# ئىشاننىڭ پىتنىسى

[ئالتە ئاي كېيىن.
["ناۋا" تەزىسىنىڭ مەرغۇلى بىلەن پەردە ئېچىلىدۇ.
[ئوردا — ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئىشخانىسى. ئابدۇرىشىتخاننىڭ قاپىغى تۈرۈلگەن، ئۇ ئولتۇرۇپ ئاخبارات تىڭشايدۇ، قاۋۇل مىرزا پۈتۈكچى ئورە تۇرۇپ ئاخباراتلارنى ئوقۇيدۇ...]

**ئابدۇرىشىتخان:** خوش، يەنە قانداق ئاخباراتىڭىز بار؟

**قاۋۇل مىرزا:** ئىشان - سوپىلار غاۋغا كوتەرمەكتە. بىرمۇنچە تالىپلار ھەتتا قارا تۇرۇك پۇقرالارمۇ ئۇلارغا ئەگەشمەكتە. يەنە شۇ بۇيرۇق توغرىسىدا.

**ئابدۇرىشىتخان:** بۇيرۇق نۇسخىسىنى ئەپكەلدىڭىزمۇ؟

**قاۋۇل مىرزا:** ھە، ئەپكەلدىم (قەغەزلەر ئارىسىدىن ئېلىپ ئابدۇرىشىتخانغا سۇنىدۇ).

**ئابدۇرىشىتخان:** (دىققەت بىلەن بۇيرۇقنى ئوقۇيدۇ) بۇ بۇيرۇقنى سىز پۈتكەنسىز!

**قاۋۇل مىرزا:** جانابى مىرزا ھەيدەرنىڭ تاپشۇرۇغى.

**ئابدۇرىشتخان:** نىمە ئۈچۈن ماڭا دىمىدىڭىز؟

**قاۋۇل مىرزا:** باش ۋەزىر، بۇ، پەرماننى ئىجرا قىلىش مەسلىسى، سۇلتاننى ئاۋارە قىلمىساقمۇ بولىدۇ، دىگەن ئىدى.

**ئابدۇرىشتخان:** پەرماندا "جىنايەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھەيئىتى ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەستىقلاش ۋە نازارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە" دىيىلگەن. بۇ بۇيرۇقتا بولسا، مەھكىمە شەرىيەنىڭ بارلىق ھوقۇقى تارتىپ ئېلىنغان. كېيىن خانلىق پەرماندا خانلىق مەدرىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى توختىتىش ئېيتىلمىغانىغۇ!

(ئۇ تېرىكىدۇ ۋە ئورنىدىن قوپۇپ ماڭىدۇ......)

**قاۋۇل مىرزا:** گەپ مانا مۇشۇ يەردە، سۇلتان جاناپلىرى. خانلىق پەرمان ئۈچۈق ئېلان قىلىنغان. كىشلەر بىلىدۇ. ھازىر كىشلەر بولسا "مىرزا ھەيدەر سۇلتاننىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلدى، ئۇنى باش ۋەزىرلىكتىن ئېلىپ تاشلاش كېرەك" دەيدۇ. ھازىر مەسچىت، مەدرىس، خانىقالاردا "دىنىمىز يوقىلىشقا يۈز تۇتماقتا، شەرىتىمىز خاراپ بولماقتا..... دىنغا قارشى نەغمە-ناۋالار ئەۋج ئالماقتا" دەپ يىغا-زارى بولماقتا. تۈنۈگۈنكى جۈمە نامىزىدا خۇتپىي ئوقۇغاندا ئىشان ھەزرەتلىرى باشلاپ يىغلاپ بەرگەن. جامائەتمۇ يىغلىغان. ھازىر بۇ ھەركەت قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىگىچە تارالدى......

(ئابدۇرىشتخان تېخىمۇ جىددىيلىشىدۇ، قەدەملىرى چاپسانلايدۇ، كېيىن بىرىپ ئۇدۇلدىكى دەرىزىدىن تاشقىرىغا قاراپ تۇرىدۇ، جىمجىتلىق، مۇڭلۇق ساز ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ....)

**ئەكرەم:** (كىرىدۇ) ئىشان ھەزرەت ۋە قازى رەئىس ھەم ئەلەم ئاخۇنۇملار كىرىشكە ئىجازەت سورايدۇ (ساز توختايدۇ).

**ئابدۇرىشتخان:** (شۇ پېتىچە) كىرسۇن! (ئۇ ئاستا كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ. قاۋۇل پۇتۇكچى چىقىپ كېتىدۇ)

**ئىشان:** (ئارقىسىدا ئۇزۇن تون كىيگەن چوڭ سەللىلىك، چا ساقاللىق قازى رەئىس ۋە قارا ساقاللىق ئەلەم ئاخۇنۇم كىرىشىدۇ) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سۇلتان جانابى ئالىلىرى، ئۇزلىرىنى ئاۋارە قىلدۇق.

**ئابدۇرىشتخان:** ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھەزرىتىم. خوش، قېنى مەرھەمەت، ئولتۇرايلى (ئۇدۇلدىكى كورپە سېلىنغان سۇپىغا تەكلىپ قىلىدۇ، ئولتۇرۇشىدۇ).

**ئىشان:** (قول كوتىرىدۇ، باشقىلارمۇ قول كوتىرىدۇ) ئاللاھۇتابارەك ۋە تائالا سۇلتان جاناپلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئىگىز قىلغاي، ئاللاھۇ- ئەكبەر (يۈز - ساقاللىرىنى سىلايدۇ).

**قازى رەئىس، ئەلەم ئاخۇنۇم:** (ئورۇنلىرىدىن قوپىدۇ) ھەق تائالا، سۇلتان جانابى ئالىلىرىنىڭ دولىتىنى زىيادە قىلغاي! (تازىم قىلىدۇ)

**ئابدۇرىشتخان:** رەھمەت ئولتۇرايلى (ئولتۇرۇشىدۇ).

**ئىشان:** (قاپىغى سېلىق، نارازى قىياپەتتە) سۇلتان جاناپلىرى! ئەھۋال ئېغىر. مۇسۇلمانلار دات - پەريات كوتەرمەكتە. مۇقەددەس دىنىمىزغا قىلىنغان بۇنداق تاجاۋۇز ئالدىدا ئاللاتائالانىڭ سادىق قۇلى بولغان پەقىر كىشلەرنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالماي تۇرالمىدىم.

**قازى رەئىس:** سۇلتان ئالىلىرى! مەھكىمە شەرئىنىڭ ھوقۇقىنى ئاياق ئاستى قىلىش.....

**ئابدۇرىشتخان:** مەھكىمە شەرئىنىڭ ھوقۇقىنى ئاياق ئاستى قىلىش؟! ئەھۋال شۇنچىلىك دەرىجىگە يەتكەنمىكىن قازى

ئاخۇنۇم؟!

**قازى رەئىس:** كەچۈرگەيلا، سۇلتان جاناپلىرى، ئەگەردە ھازىر-قىدەك بۇيرۇقلار داۋام قىلسا...... يەنى، مەسلەن، شۇنداق ئەيتىش مۇمكىنكى، جىنايەت ئىشلىرىنى سوراق قىلىش، ھوكۇم قىلىش مەھكىمە شەرئىنىڭ مۇھىم بۇرچى ئىدى. مىرزا ھەيدەر جاناپىنىڭ بۇيرۇغى شەرىئەت قانۇنىغا خىلاپتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەسىلەن، نەغمە-ناۋا دەيدۇ، مۇقام دەيدۇ، بۇلار شەرئىئىتىمىزگە خىلاپ ئىشلار.

**ئەلەم:** شۇنداق، سۇلتان ئالىلىرى، پەقىر شەرىئەت قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتا بىر مەسئۇلىيەتلىك خادىم بولغىنىم ئۈچۈن، شەرىئەت قانۇنىنى قوغداش ھوقۇقۇم بار، بۇ ئىشتا، سۇلتان جاناپلىرىدىن رەنجىشىمىز يوق. مىرزا ھەيدەرنىڭ خانلىق پەرمانىغا خىلاپ ئىش قىلغانلىغىدىن نارازى بىز، بەلكى، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى بىز.

**ئىشان:** ھازىر پۈتۈن ئەلدە پۇقرالارنىڭ غەزىۋى قوزغالدى. قۇر-ئاننى قۇچاقلاپ يىغلىماقتا. شەرىئەتنى ئىنكار قىلىش، خانلىق مەدرىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى توختىتىش...... بۇ نىمە دىگەن ئېغىر ئىش. بۇ ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق ئۇلۇغ دىنىمىزغا قارشى تۇرغانلىق ئەمەسمۇ، مىرزا ھەيدەر شۇنچە يوغۇناپ كەتتىمۇ؟ ھەتتا سۇل-تاندىنمۇ يوشۇرۇن بۇيرۇق چۈشۈرۈش...... ئۇنى خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلاش لازىم!...... (ئۇ تىترەپ سوزلەيدۇ).

**ئابدۇرىشىتخان:** ھەزرىتىم! مىرزا ھەيدەرنىڭ بۇنداق بۇيرۇق چۈشۈرۈشى خاتا. باش ۋەزىرنىڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈش ھوقۇقى بولسىمۇ، بۇنداق مەسىلىنى بىز بىلەن مەسلىھەتلىشىشى لازىم

ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ خاتالىغى ئۇچۇن تەنبىھ بېرىش لازىم ۋە بۇيرۇقنىڭ خاتاسىنى تۈزىتىش لازىم. ئەمما، مىرزا ھەيـ دەر يامان ئادەم ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلى نىيىتى يامان ئەمەس. ئۇنى ئەپۇ قىلىش كېرەك.

**ئىشان:** ئەپۇ قىلىش؟ ياق-ياق سۇلتان، ئۇنى خۇدا ئەپۇ قىلمايدۇ، رەسۇلللا ئەپۇ قىلمايدۇ، مۇسۇلمان بەندىلەر ئەپۇ قىلمايدۇ.

**ئابدۇرىشىتخان:** بىز ئەپۇ قىلساق، ئۇ تووۋە قىلسا، خۇدا گۇنا- يىدىن ئۆتەر......

**ئىشان:** (قىزىپ سوزلەيدۇ) جانابىي سۇلتان! ھازىر خاندانلىقنىڭ تەقدىرى ئېغىر لەرزىگە دۇچ كەلمەكتە. ئەگەردە تېزدىن تەدبىر قوللىنىپ مىرزا ھەيدەرنى ئۇنىڭ بۇيرۇغى بىلەن تەڭلا ئىنكار قىلىپ كىشىلەردىن ئەپۇ سورىمايدىغان بولساق، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىققۇسى...... جانابىي سۇلتان! مەن ئوردىنىڭ ئالى مەسلىھەتچىسى ۋە پۇخرانىڭ دىنىي پېشۋاسى بولۇش سۇپىتىم بىلەن شۇنى تەلەپ قىلىمەنكى، مىرزا ھەيدەرنى خىزمەتتىن ئېلىش، بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك؛ ئاللانىڭ سادىق بەندىسى مىرزا ئېلى تاغايىنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەش لازىم (ئۇ ئورنىدىن قوپىدۇ، قازى ئەلەمۇ قوپىدۇ، ئۇلار خانغا ئىلتىماس بىلەن تازىم قىلىدۇ...).

**ئابدۇرىشىتخان:** ھەزرىتىم، ئاخۇنلۇرۇم، ئۇلتۇرايلى، مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىلى. (ئىشان، قازى، ئەلەملەر ئولتۇرمايدۇ، يەنە ئېگىلىدۇ) ھەزرىتىم، ئۆزلىرىنىڭ لەۋزىلىرىنى ھەرگىز يەردە قويماس ئىدىم، لېكىن......

**ئىشان:** لېكىن، بىر مىرزا ھەيدەر ھەممىدىن ئەلا بولسا كېرەك.....

سۇلتان جاناپلىرى، ئوردىدا يا مىرزا ھەيىدەر تۇرسۇن، يا بىز تۇرايلى......

**ئابدۇرىشتخان:** (چوچۇيدۇ)...... تەلەپىنى ئويلىشىپ كورۇشكە بولىدۇ. ئەمما كىشلەرنىڭ ئورۇنسىز جاڭجال چىقارماسلىقى، پىتنە-ئىغۋالارغا ئەگەشمەسلىكى ئۇچۇن، ھەر بىرلىرى خاندانلىق ھوزۇرىدا مەسئۇل بولۇشلىرى لازىم......

**ئىشان:** (ئۇچىسى بېشىنى كوتىرىدۇ، چىرايلىرى ئېچىلىدۇ) مانا بۇ ياخشى، سۇلتان. بىزنىڭ سۇلتانىمىز مانا مۇشۇنداق ئىسلام دىنىمىزنى ھىمايە قىلغۇچى بولسا، بىز ئاخۇن-ئولۇمالار، ئىشان-پىرىلار سۇلتاننى ھىمايە قىلىمىز (باشقىلار، شۇنداق، شۇنداق، دەپ قوشۇلىدۇ).

**ئابدۇرىشتخان:** ئولتۇرايلى ھەزرىتىم.

**ئىشان:** رەھمەت، بىز سۇلتانغا ۋاقىت بېرىپ ھەم چىقىپ پۇخرالارغا گەپ-سوز قىلىلى. (خوشلىشىپ چىقىشىدۇ)

[ئابدۇرىشتخان بەك بىتاقەت بولىدۇ. غەملىك ساز چېلىنىدۇ، ئۇيىدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ماڭىدۇ. ئاخىرى بېرىپ ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، جىددى ئويلايدۇ....

**ئامانىساخان:** (ئەكرەم بىلەن ئاستا مېڭىپ كىرىدۇ، ئەكرەم شەرەت بىلەن غەمكىن خاننى كورسىتىدۇ، ئامانىساخان كېلىپ خاننىڭ بېشىنى سىلايدۇ) ئىشانغا ۋەدە بەلىما؟

**ئابدۇرىشتخان:** (شۇ پېتىچە بېشىنى لىڭشىتىدۇ) ئىلاجىمىز قانچە؟!

**ئامانىساخان:** بىتاقەت بولۇشنىڭ پايدىسى يوق. چارە ئىزدەش كېرەك.

**ئابدۇرىشتخان:** قانداق چارە بولسۇن؟ (ئۇ بېشىنى كوتىرىپ ئامانىساخانغا قارايدۇ) ئىش شۇ جايغا بېرىپ يەتتىكى، يا ئىشان،

ئاخۇنلاردىن كېچىش، دىنىي غەۋغاغا يول بېرىش. بۇ، ھاكىمـ-
يەت ۋەيران بولۇش دېمەكتۇر؛ يا مىرزا ھەيدەردىن ۋاقتىنچە
بولسىمۇ كېچىش، بۇنىڭ بىلەن ۋەزىيەتنى پەسەيتىش، ھـاكىـ-
مىيەتنى ساقلاپ قېلىش. بۇنىڭـدىن باشـقا چارە يوق... ئاھ...
بېشىم شۇنـداق قاتـتىـكى، گويا ئىكـكى تاغ مېـنى قاتـتىـق
سىقىۋاقتا.....

**ئامانىساخان:** (قوشۇمىسىنى تۈرۈپ چوڭقۇر ئويلايدۇ) ئۇچىـنـچى چارە تېپىلماسمۇ؟

**ئابدۇرىشتخان:** مەسلەن، قانداق؟

**ئامانىساخان:** مەسلەن، چاتاقنىمۇ ھەل قىلىش، مىرزا ھەيدەر- نىمۇ ساقلاپ قېلىش.....

**ئابدۇرىشتخان:** ياق، ياق بولمايدۇ. ئىشان قەتئىي ئۇنىمايدۇ..... ئۇ ئەل ئىچىدە غەۋغا كوتەرمەكتە.....

**ئامانىساخان:** سىلىنىڭ ئىشانـىنى ھـورمەت قىلغانـلىرى مەيـلى. لېكىن ئۇنى ئالى مەسلىھەتچى قىلىپ، تىزگىنىنىڭ بىر ئۇچىـنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇش — بۇ ياخـشى بولمىغان. مانا مۇشۇنـ- داق ئاقىۋەتلەر كەلتۈرىدۇ.

**ئابدۇرىشتخان:** مەسلىھەتچى بولمىغاندىمۇ، ئۇنىڭ سوزىـگە ھور- مەت قىلىش لازىم. خەلق ئۇنى ھورمەتلەيدۇ.

**ئامانىساخان:** ئىشاننىڭ سوزىـنى ئاڭـلاش لازىم بولۇپ قاپـتۇ. ئىشان بىزنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن دەيدۇ-يۇ، ئەمـلىيەتتە، يالغۇز بىزنـىلا ئەمەس، جـىمى پۇخرانى دوزاقـقا باشلايـدۇ. ئىشنىڭ يامىنى شۇكى، سىلىنىڭ تىزگىنلىرىنى تۇتقان كىشىنىڭ تىزگىنىنى قارا نىيەتلەر تۇتۇپ ئالغان. مەسلەن، مىرزا ئېـلى

تاغاي......

**ئابدۇرىشىتخان:** ھە، شۇنداق بولۇشىمۇ ئېھتىمال. ئىشان تېخى مىرزا ئېلىنى باش ۋەزىر قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا.

**ئامانىساخان:** (چوچۇپ بېشىنى كوتىرىدۇ) ھە...... تېخى بۇ گەپمۇ بار، دىسىلە؟! ئەيتمىدىمۇ، ئۇيۇن نەدە؟

**ئابدۇرىشىتخان:** قاپقانغا چۈشۈپ قالدۇق، مىرزا ھەيدەر بىزنى، ئۆزىنىمۇ قاپقانغا ئىتتەردى......

(ئوسمان سەردار، قىدىرخان، قاۋۇل پۇتۇكچىلەر بىللە ئالدىراپ كىرىدۇ، قىياپىتى جىددى).

**سەردار:** (ھودۇقۇپ) سۇلتان جاناپلىرى، بۇ راستمۇ؟

**ئابدۇرىشىتخان:** ..........................................

**ئامانىساخان:** سىلەر قەيەردىن ئاڭلىدىڭلار؟

**سەردار:** كوچىدا بىر گەپ دەيدۇ. سۇلتان ئىشان ھەزرەتىنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىپتۇ. مىرزا ھەيدەرنى باش ۋەزىرلىكتىن ئېلىپ تاشلاپ، مىرزا ئېلىنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويىدىكەن. بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرماق بوپتۇ...... يەنە......

**قىدىرخان:** يەنە مىرزا ھەيدەرنى سوراققا تاتقىدەكمىش. شەرىئەت مەھكىمىسى ھەممە دەۋا ـ سوراق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىكەن...... دىگەن گەپلەر.

**ئابدۇرىشىتخان:** شۇنداق دوستلىرىم.... "ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا".

**سەردار:** قانداقچە ئۆزىمىز تاپقان بولىمىز سۇلتان جاناپلىرى؟

**ئابدۇرىشىتخان:** مىرزا ھەيدەر...... ئەلۋەتتە ئۆزىمىزدە ـ دە......

**مىرزا ھەيدەر:** (غەمكىن كىرىدۇ) سۇلتان جاناپلىرى، ھەممە بالانى

تاپقان مەن، مەن مەسئۇل، مەن جازاغا لايىق... ئەمما، مۇشۇ ئىشان، ئاخۇنلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشىغا كاشىلا قىلىشىدىن تويدۇم...

**ئابدۇرشىتخان:** (كىنايە، زارلاش بىلەن) دوستۇم مىرزا ھەيدەر! مەن سىزگە سوپا ـ ئىشانلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن پەخەس بولۇڭ، دەپ بىرقانچە قېتىم ئېيتمىدىممۇ؟! سىز كاشىلىنىلا ئويلايسىز، ئەمما ئۇ كاشىلىدىن قانداق قىلىپ ئۆتۈشنى ئويلىمايسىز......

**مىرزا ھەيدەر:** بەزى جەھەتتە ئۇلارغا قاتتىقراق بولمىسا بولمايدۇ. ئىشان، شەرىئەت، قازى، ئەلەم... بۇلار ئاخىر كىشىلەرنى خالىغانچە دارغا ئېسىۋاتىدىغۇ؟!

**ئابدۇرشىتخان:** شۇڭا بىز پەرمان چىقاردۇق. شۇ پەرماننى چىقىرىش ئاسان بولدىمۇ، ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ. سىز زادى خانلىق مەدرىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى توختاتماقچى ئىدىڭىز، مەھكىمە شەرئىي دىگەن بۇ "كاشىلا"نى ئېلىپ تاشلىماقچى ئىدىڭىز. مەن شۇ ۋاقىتتا سىزگە "دىنىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدە ئېھتىياتكار بولۇش كېرەك" دەپ ئېيتقان ئىدىمغۇ!

**سەردار:** جانابى مىرزا ھەيدەر! سىز "بۇيرۇق" چىقىرىشتىن ئاۋال سۇلتان ئالىلىرىنىڭ رازىلىقىدىن ئۆتكۈزۈشىڭىز كېرەك ئىدى.

**مىرزا ھەيدەر:** مەن، بۇ پەرماننى ئىجرا قىلىش ئىشى، سۇلتاننى ئاۋارە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارىدىم.

**ئابدۇرشىتخان:** سىز پەرماننى ئىجرا قىلمەن دەپ پەرمانغا خىلاپ ئىش قىلدىڭىز، كوكىلىڭىزنى ئۇلارغا تۇتقۇزۇپ قويدىڭىز...... سىز ئۇلارنى ھاكىمىيەت ئىشىغا ئارىلاشتۇرمايمەن دەيسىز، ئاخىر،

بۇ مۇمكىنمۇ دوستۇم... قاراڭ، مانا بىزگە ھەم ئۆزىڭىزگىمۇ قانچىلىك ئېغىرچىلىق كەلتۈرۈپ قويدىڭىز. ئۇلارغا ياخشى بانا تېپىپ بەردىڭىز. ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى سۇندۇرىمەن دىدىڭىز ـ دە، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ قولىغا تېخىمۇ چوڭراق كالتەك تۇتقۇزۇپ قويدىڭىز....

**مىرزا ھەيدەر:** (بېشىنى سالىدۇ) مەن خاتا قىلدىم، ماڭا جازا بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن.

**ئابدۇرىشتخان:** ”جازا“ ھەققىدە سوزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. سىز خىزمىتىڭىزدىن ئىستىپا بېرىپ، بىر مەزگىل چەتتىرەك تۇرۇپ تۇرۇڭ. باشقا چارە يوق.

**قىدىرخان:** سۇلتان ئاللىرىنىڭ پىكرى يوللۇق. جانابى مىرزا ھەيدەر، غالىبىيەت قازىنىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق چېكىنىش لازىم بولىدۇ.

**مىرزا ھەيدەر:** سۇلتان جاناپلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىمەن. ئەمما، مىرزا ئېلىنىڭ باش ۋەزىر بولۇش مەسىلىسىنى ئويدان ئويلىشىش لازىم. ئۇ ئەبلەخ.....

**سەردار:** ئۇ، قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان مەخلۇق.

**ئابدۇرىشتخان:** ئۇنىڭغىمۇ ئىلاج يوق. بۇنى ئۇلار ئىلگىرىلا ئويلاپ قويغان ئىش. ساۋاقنى كوزدە تۇتۇش، ھوشيار بولۇش كېرەك. بورىنىڭ ئۇگىسىدىن چىققىنىمۇ يامان ئىش ئەمەس.

**ئامانىساخان:** سۇلتان جاناپلىرىنىڭ قارىشى توغرا. ئۇلار نىقاۋىنى ئۆزى ئېچىپ باقسۇن. مىرزا ئېلىنىڭ ئەسلى بەشىرىسىنى كورۇش كېرەك. ئەھۋالىدىن قارىغاندا بىزگە يەنە جىقىراق ساۋاق كېرەككە ئوخشايدۇ. ئەمما، سۇلتان ئاللىرى، ئۇلارنىڭ

مۇقامنى رەتلەش ئىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىشىغا يول قويماسلىق كېرەك.

[ئابدۇرىشتخان ئۆيدە قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ ئۇ ياق-بۇ ياققا ماڭىدۇ ۋە دەرىزە ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ بارمىغى بىلەن ساقىلىنى سىلاپ ئۇزاق-ئۇزاقلارغا تىكىلىدۇ.

— پەردە چۈشىدۇ.

## بەشىنچى پەردە

# بىرىنچى كورۇنۇش    قارا نىيەت

[بىر يىل كېيىن.

[ئابدۇرىشىتخان قەشقەر ـ ئاتۇشقا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىش ئۇچۇن كەتكەن. باش ۋەزىر مىرزا ئېلى تاغاي ئىشانـ نىڭ باشچىلىقىدا سۇيىقەستلىك ھەرىكىتىنى باشلايدۇ. يەنە بىر ياقتىن خاننىڭ پەرمانىغا خىلاپ ئىش قىلىپ، خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇم ـ ئىستىبـ داتنى كۈچەيتىدۇ. ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىدۇ.

[... مۇزىكىسى ئىچىدە پەردە ئېچىلىدۇ.

[مىرزا ئېلىنىڭ چوڭ ئىشخانىسى، بەك سولەتلىك ياسالغان. مىرزا ئېلى ئىشان بىلەن سوھبەتلىشىپ ئولتۇرىدۇ.

**مىرزا ئېلى:** ...ھەزرىتى پىرىم، جانابى ئالىلىرىنىڭ لەۋزىلىرى بويىچە ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەدرىسكە ئوت قويۇش بانىسى بىلەن رەھمەت قولغا ئېلىنىپ ئىشى تاماملاندى.

**ئىشان:** باشقا قاتناشچىلارچۇ؟

**مىرزا ئېلى:** ئۇلارنىڭمۇ ئەدىۋى بېرىلدى. سانايى نەفسنى توختىتىش قارارى چىقىرىلدى. ئەمدى ئومەر بىلەن ئامانىساخاننىڭ ئىشى قالدى.

**ئىشان:** ئۇلارنىڭ ئىشنىمۇ تېزرەك ھەل قىلماق كېرەك. سۇلتاننىڭ قەشقەردىن قايتىدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ قالدى.

**مىرزا ئېلى:** ئاڭغىچە ئىشنى تۈگىتىمىز، ئومەرنى بۈگۈن ئاخشام ئۇجۇقتۇرماقچىمىز.

**ئىشان:** مۇقام ئۈچۈن يازغان كىتاپلىرى بىلەن.

**مىرزا ئېلى:** خوش. ئۇنى دەرھال كويدۇرىمىز، ئەمدى ئامانىسساخاننىڭ ئىشى...

**ئىشان:** ئۇ دەھرى خوتۇن بەك ئۇستا، ئاگاھ بولماق كېرەك.

**مىرزا ئېلى:** خاتىرجەم بولغايلا، ھەزرىتىم، ئىنسى-جىنغا چاندۇرمايمىز.

**ئىشان:** جانابى ۋەزىر، ئۇلۇغ دىنىمىزغا، شەرىئىتىمىزگە سادىق زاتسىز. ئاللاتائالا سىزگە يار بولغاي! ئامىن (دۇئا قىلىدۇ) ئەمدى مەن ياناي (قوپىدۇ). (مىرزا ئېلى ئۇنى ئۇزىتىپ چىقىدۇ).

[مىرزا ئېلى تاشقىرىدىن ھاكاۋۇرانە كىرىدۇ ۋە كېلىپ يولەنگۈچ كارۋاتقا ئولتۇرۇپ، چاۋاك چالىدۇ، خىزمەتچىسى ئەلنەغمىچىلەر ۋە قىزلارنى باشلاپ كىرىدۇ. كارۋاتنىكى ئىگىز ياستۇقلارغا يېنىچە يولىنىپ، ماسايىرلىغان كوزلىرى بىلەن تاماشا كورىدۇ.

[ئالتە نەپەر قىز ئۇسۇل ئوينايدۇ. سازەندىلەر ئادەتتىكى كوچا ئاھاڭلىرىغا ساز چالىدۇ. قىزلار غەيرى يوسۇندا مىرزا ئېلىنىڭ خاھىشىگە لايىق ياسانغان، ئەمما ئۇلار ناگۈلا ئۇسۇل ئوينايدۇ.

[مىرزا ئېلىنىڭ ئارقىسىدا ئىككى قىز يەلپۈپ تۇرىدۇ. يەنە بىر قىز ئۇنىڭغا چىلىم سېلىپ تۇتۇپ تۇرىدۇ. چىرايلىق ئىشلەنگەن مىس چىلىمدىن مىرزا ئېلى ئارىلاپ تاماكا تارتىپ، تۇتۇنلىرىنى مەغرۇرلۇق بىلەن پۈۋلەپ تۇرىدۇ... كېيىن مىرزا ئېلىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئىچكىرىدىن ئىككى ياساۋۇل قارا يوپۇققا ئورالغان بىرسىنى ئەپكىرىپ ئوتتۇرىغا

توختىتىدۇ (ئۇسۇل توختايدۇ) ۋە يوپۇقنى ئېلىپ تاشلايدۇ. ئۇزۇن قارا كوينەك كىيگەن، بېشىغا قارا رومال سالغان بىر ئايالنىڭ قىياپىتى كورۇنىدۇ. مىرزا ئېلى مەغرۇر بىرىپ ئۇ ئايالنىڭ بېشىدىكى روملىنى ئېلىپ تاشلايدۇ... بادامخاننىڭ غەزەپلىك چىرايى كورۇنىدۇ، ئۇ، ئاچچىق بىلەن گەۋدىسىنى تەتۇر بۇرايدۇ....

**مىرزا ئېلى:** ھا ـ ھا ـ ھا...بادامىنىڭ ئۇچكىسى قاتتىق، مېغىزى تاتلىق بولارمىش. راست قاتتىق ئىكەندە! رەھمەتتەك بىر گادايىنىڭ ئولگىنىگە دۇنيا يىقىلىپ چۈشەتتىمۇ؟ ھا ـ ھا ـ ھا..... قېنى گۈزەل چوكان، بىر پەدە ئۇسۇل ئويناپ بېرىڭە! چىرايلىق كىشىگە خاپىلىق ياراشمايدۇ......(بادامخاننىڭ ئىڭىگىنى سىلىماق بولىدۇ. بادامخان مىرزا ئېلىنىڭ قولىنى ئۇرۇپ تاشلايدۇ ۋە بۇرۇلۇپ بېشىنى كوتىرىدۇ).

[مىرزا ئېلىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ساز چېلىنىدۇ. بىر ياساۋۇل كېلىپ بادامخاننى ئۇسۇلغا بۇيرۇيدۇ، رەت قىلغاندىن كېيىن ئۇنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىدۇ. يىقىلىپ ياتقان بادامخان ئۇسۇل ھەركىتى بىلەن تولغۇنۇپ قوپۇپ غەزەپ بىلەن قارشىلىق ئۇسۇلى ئوينايدۇ. ئۇ بارلىق غەزىۋى ۋە ئۇچمەنلىكىنى ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەيدۇ. قىزلارمۇ ئۇنىڭغا تەڭكەش بولىدۇ. ساز ھەم مۇڭلۇق ھەم غەزەپلىك كۈيى بىلەن دولقۇنغا كوتىرىلىدۇ. بادامخاننىڭ كۈرەش ئۇسۇلى ئەۋج ئالىدۇ. بادامخان ۋە قىزلار ئىسيانكارلىق بىلەن مىرزا ئېلى تەرەپكە سىلجىيدۇ، مىرزا ئېلى ئولتۇرغان جايىدا ئارقىسىغا داجىيدۇ.

..............................................................................

**مىرزا ئېلى:** (قاتتىق ئاۋاز بىلەن) يوقات، بۇنى! (ساز توختايدۇ، ئىككى ياساۋۇل بادامخاننى تۇتۇپ چېكىندۇرىدۇ، ھىلىقى قارا يوپۇقنى ئېلىپ كېلىپ بادامخانغا ياپماق بولىدۇ... تالادىن ئايالنىڭ "قولۇڭنى تارت!" دىگەن قاتتىق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، ھەممە شۇ ياققا قارايدۇ...)

**ئامانىساخان:** (ئۆز ۋاقتىغا خاس چىرايلىق ـ ئىچچام ھەربىچە كىيىنگەن، بېلىدە سەدەپ ساپلىق خەنجەر، ئىككى ئايال ياساۋۇل كەينىدە، ئۇ جىددى مېڭىپ كېلىپ ياساۋۇللارنىڭ قولىدىكى يوپۇقنى ئېلىپ ئىرغىتىپ تاشلايدۇ) بادامخان دوستۇم! (بادامخانغا قۇچاق ئاچىدۇ. مىرزا ئېلى چوچۇپ ئورنىدىن قوپىدۇ).

**بادامخان:** ئاھ دوستۇم! (ئۆزىنى ئامانىساخانغا تاشلاپ يىغلايدۇ...)

**ئامانىساخان:** يىغلىماڭ بادامخان، يىغلىماڭ. (بادامخاننىڭ بېشىنى سىلاپ چوۋۇتىدۇ. كېيىن مىرزا ئېلىغا قاراپ) رەھمەت قېنى!

**مىرزا ئېلى:** مېنى كەچۈرگەيلا خېنىم، ئۇ، دارغا ئېسىلىدى (تازىم قىلىدۇ. بادامخان ھوكرەپ يىغلايدۇ).

**ئامانىساخان:** (غەزەپ بىلەن) نىمە ئۈچۈن؟!

**مىرزا ئېلى:** خانلىق مەدرىسىكە ئوت قويغانلىقى ئۈچۈن ھەم دىنغا قارشى بىدئەت ناخشىلارنى ئېيتقانلىقى ئۈچۈن.

**ئامانىساخان:** مەدرىسكە ئوت قويغاننىڭ قانداق دەلىلى بار؟

**مىرزا ئېلى:** بىللە ئوت قويغانلار ئىقرار قىلدى.

**ئامانىساخان:** مەن ئۆزەم ئۇلاردىن سورايمەن.

**مىرزا ئېلى:** ئۇلارمۇ دارغا ئېسىلدى.

**ئامانىساخان:** ئوردا سانايى نەفسەسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلىشقا كىمنىڭ ھەددى باركەن؟

**مىرزا ئېلى:** ئۇلار مۇقام رەتلەيمىز دەپ دىنغا قارشى ئىشلارنى قىلغان.

**ئامانىساخان:** باش ۋەزىر! سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە سۇلتان بارمۇ، زادى!

**مىرزا ئېلى:** پەقىر سۇلتان جاناپلىرىنىڭ قۇلى مەن، ئاغچا خېنىم.

بۇ ئىش باش مەسلىھەتچى ئىشان ھەزرىتىمنىڭ قارارى....

**ئامانىساخان:** ھە، شۇنداقمۇ؟...سىلەر بۇ رەزىل ئويۇنۇڭلار ئۈچۈن سۇلتان قەشقەردىن قايتقاندىن كېيىن جاۋاپ بېرىسىلەر، تېخى!...بادامخان، جۇرۇك، كەتتۇق (بادامخاننى قولتۇقلاپ ماڭىدۇ. ئۇسۇلچى قىزلار ئامانىساخاننىڭ ئالدىنى توسىدۇ).

**قىزلار:** بىزنىمۇ ئەپ كەتسىلە، خان ئاچا! (يالۋۇرىدۇ)

**ئامانىساخان:** جۇرۇڭلار! (ھەممىسى چىقىپ كېتىدۇ. مىرزا ئېلى نىمە قىلىشنى بىلەلمەي، قاراپلا قالىدۇ...)

**ئېلى پاششاپ:** (ھودۇقۇپ كىرىدۇ) نىمە گەپ، ئاۋۇ خېنىمنىڭ غەزىۋى چوڭغۇ؟

**مىرزا ئېلى:** نىمە بولاتتى، رەھىمەتىنىڭ ئىشى، بادامنى تارتىپ كەتتى...

**پاششاپ:** ئاپلاھۇئەكبەر!.....زادى مۇشۇ ئىشنى ئالدىراپ قىلىپ قويدۇق دىگەن ئىدىم.

**مىرزا ئېلى:** بولدى، ئىش ئۆتتى. خانلىق مەدرىسكە ئوت قويۇش ئىشى ئاشكارا بولمىسا بولدى.

**پاششاپ:** ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا، بۇ ئىش ناھايىتى پۇختا قىلىنغان. پاش بولمايدۇ. ئاتالمىش ئوت قويغۇچىلارنىڭ ھەممىسى يوقىتىلدى.

**مىرزا ئېلى:** رەھمەت توغرىسىدىكى گۇۋاچىلار چىڭمۇ؟

**پاششاپ:** چىڭ، ئۇلارنىڭ يۈرىگى مېنىڭ قولۇمدا.

**مىرزا ئېلى:** يەنە پۇختىلاش كېرەك. ئىش قىلىپ ئاشكارا بولۇپ قالمىسۇن. بۇ تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى. سۇلتان قەشقەردىن قايتقىچە ئاساسي ئىشنى ئورۇنلاپ بولۇش لازىم.

**پاششاپ:** خاتىرجەم بولسىلا، باش ۋەزىر. ئىشان ھەزرىتىم قانداق، چىڭمۇ؟

**مىرزا ئېلى:** بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىشان ھەزرىتىمنىڭ قارارى بىلەن بولغان تۇرسا. ئىشاندا گەپ يوق. ئەمما، ئىش پاش بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۇتقان-پۇتكىنى ئاللا، دىن. شۇڭا بىزنىڭ بىر قولىمىزدا دىن، بىر قولىمىزدا قىلىچ بولىشى كېرەك. ئۇمەر بىلەن ئامانىساخاننىڭ ئىشىنى ھەل قىلساق، خاننىڭ قانات-قولى قىرقىلىدۇ.

**ئېلى پاششاپ:** شۇنداق، ئەلۋەتتە. (بېشىنى مىرزا ئېلىگە يېقىن ئەپ كېلىپ خۇپىيانە قىلىپ سوزلەيدۇ) تازا كېلىشكەن قىلىچۋاز ئىككى يىگىتنى تەييارلاپ قويدۇم. ئەمدى چارە ھەم ۋاقىتنى ئويلىنىش كېرەك.

**مىرزا ئېلى:** چارە، ۋاقىت... (قوشۇمىسىنى تۇرۇپ ساقىلىنى سىلاپ ئويلايدۇ) كېچىدە، بۇگۇن كېچىسى. ئۇخلاپ ياتقاندا...يول ئۇستىدە... (ئۇ بىر نەرسە تاپقاندەك چىرايى ئېچىلىدۇ) ۋاقىت بولسا...، ئىش قىلىپ چاپسانراق ئولگىنى ياخشى.

**ئېلى پاششاپ:** ئىش بەك يوشۇرۇن قىلىنىدۇ، پۇختا ئورۇنلاشتۇر-دۇم، نامەلۇم ئادەملەر ئۇمەرنى ئولتۇرۇپ ئويىنى بۇلاپ كېتىدۇ-دە، ئەلۋەتتە. مۇقاملارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

**مەھرەم:** (مىرزا ئېلىنىڭ مەھرىمى كىرىدۇ) يادىگار خېنىم قەدەم تەش-رىپ قىلدى! (ئىككىسى چاپسان قوپۇپ ئالدىراپ ئىشىككە ماڭىدۇ...)

**يادىگار خېنىم:** (ئالپتە كىينگەن، بېشىغا نېپىز ھال ياغلىق ئارتقان، ئارقىسىدا توت نەپەر خىزمەتچى قىز بىللە كىرىدۇ) ھا-ھا-ھا...

بىمەھەل كەلدىممۇ جانابى باش ۋەزىر؟ شۇنداق، تاسادىپى ئەھۋاللارنى دائىم ئەستە تۇتۇش كېرەك...ھا...پاششاپ بەگمۇ بارىكەن (مىرزا ئېلىنىڭ تەكلىۋى بىلەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بېشىدىكى ياغلىقتا قول سوزىدۇ، بىر قىز دەرھال كېلىپ ياغلىقنى ئالىدۇ. ياسىنىشى ۋە گۈزەل-ھاكاۋۇر چىرايى تېخىمۇ ئوچۇق كورۇنىدۇ) پاششاپ بەگ! پاششاپلىق جايىدىمۇ؟ ماڭا قاراڭ، سىزدە ئازراق ھودۇقۇش بارمۇ، نىمە؟ ۋاي يەي، پاششاپقا بۇ ئىش ياراشمايدۇ. مىرزا ئېلى تاغاي جاناپلىرىغا قاراڭ، ئۇستىگە تاغ يېقىلسىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ (كۈلىدۇ). سىزنىڭ قولىڭىزدا ئاشۇنچە ھوقۇق ۋە ساقچى، ئەسكەرلەر تۇرۇقلۇق، نىمىدىن قورقىسىز؟ (كۈلىدۇ). ھوقۇق كىچىكلىك قىلىۋاتامدۇ، يە؟ (كۈلىدۇ) ئورلەشكىمۇ بولىدۇ...ئەمما، پەلەمپەيدىن يۇقۇرىغا چىقىشتا بەل چىڭ بولۇش كېرەك. ھا-ھا-ھا...

**ئېلى پاششاپ:** ئىلتىپاتلىرىغا تەشەككۇر، چوڭ ئاغچا جېنىم. (قوپۇپ ئېگىلىدۇ) خېنىمنىڭ مەرھەمىتى تۇرغان يەردە پەقىر ھىچنىمىدىن قورقمايمەن...مەن ياناي، باش ۋەزىر جاناپلىرى.

**مىرزا ئېلى:** مەيلى...

**يادىگار خېنىم:** پاششاپ بەگ يۇرەكسىز يولۋاس بولغاندىن، غەيرەتلىك ئېشەك بولغان ياخشى، گايىدا ئېشەك ھاڭراپ يولۋاسنى قاچۇرالايدۇ، بىلدىڭىزمۇ؟ ھا-ھا-ھا...خوش پاششاپ (پاششاپ ئېگىلىپ تازىم بىلەن خوشلىشىپ چىقىدۇ. يادىگار خېنىمنىڭ ئىشارىتى بىلەن قىزلار چىقىدۇ).

**مىرزا ئېلى:** خېنىم.....

**يادىگار خېنىم:** ھىم، خېنىم...بىر قەلەندەر سازەندىگە كۈچى يەتمەي

تېخى باش ۋەزىر ئىمىش. بىردەم تۇرۇپ "جىنىم"مۇ دەيلا
هەرقاچان، ها ـ ها ـ ها...
**مىرزا ئېلى:** كۆچى يەتىمەسلىك مەسىلىسى ئەمەس، ياخشىراق
ئويلاشقان ياخشى...
**يادىگار خېنىم:** جاناپلىرى ئويلىشىپ بولغىچە سۇلتان كېلىپ بولىدۇ.
ئاندىن ئىشلىرى غالتەككە چىقىدۇ (كۈلىدۇ).
**مىرزا ئېلى:** يوقسۇ، ئۇنىڭغىچە قالمايمىز، پاششاپ بەگ تەييارلاندى.
**يادىگار خېنىم:** بۇ تازا بىر توخۇ يۈرەكقۇ. چاپىغىنى ئالمەن دەپ
قارىغۇ قىلىپ قويمىسۇن، يەنە.
**مىرزا ئېلى:** ئۇزلىرىنىڭ ئالدىدا بىرئاز سۇر باسقانغا ئوخشايدۇ.
خېلى جېنى بار ئادەم...
**يادىگار خېنىم:** ئەگەر چاندۇرغىدەك بولسا، بۇنىمۇ جايلاش كېرەك.
ماڭا قاراڭ. (بىراقلا چىرايىنى ئۆزگەرتىپ، قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ،
مىرزا ئېلىگە ئېگىلىدۇ) سىزگە قىدىر، ئومەر توسالغۇ بولسا،
ماڭا ئاماننىسا...! ئۇ سۇلتاننى ئۆزىگە شۇنداق تارتىپ ئالدىكى،
ئۇنى يوقاتماي، سۇلتاننى ئۇنىڭدىن ياندۇرۇش ئەسلا مۇمكىن
ئەمەس...ھىلىقى رەھىمەت بىلەن بادامىنىڭ ئىشى ھەل
بولدى ـ دە. ١
**مىرزا ئېلى:** ھە، شۇنداق، ھەل بولغاندەك قىلغان ئىدى. لېكىن...
ئىش چاتاقراق. بايا ئاماننىسا كېلىپ بادامنى ئەپ كەتتى.
**يادىگار خېنىم:** ھە، ئەپ كەتتى؟ بادامىنىڭ مېغىزىنى چاقالماي
قاپلا ـ دە، ها ـ ها ـ ها ـ...توخۇ يۈرەك، بېرەمدىغان ئۇنى!
**مىرزا ئېلى:** ئىلاجىم يوق، تېخى ئۇ، رەھىمەتنى سۈرۈشتە
قىلىۋاتىدۇ.

**يادىگار خېنىم:** ئىش پۇختا قىلىنغان بولسا، چىلىڭ تۇرۇش كېرەك. ئۇلار يەنە سەنئەت، مۇقام دەپ دىنغا قارشى چىقىۋاتىدىغۇ. ئىشانىنىڭ ھاسسىسىنى ئىشلىتىش لازىم. رەھمەت مەدرىسكە ئوت قويغۇچى ئەمەسمۇ؟! ھە، چوڭ قىلىتاق تەييارلاندىمۇ، بولدى.

**مىرزا ئېلى:** ئۇمەرنى جايلاش ئىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەمما ئامانىنىسانىڭ مەسىلىسىگە قول سېلىش تەسرەك تۇرىدۇ.

**يادىگار خېنىم:** ئامانىنىسا...(قوپۇپ ئۇيدە ئايلىنىدۇ) ئامانىنىسا... (كېلىپ مىرزا ئېلىنىڭ ئالدىدا توختايدۇ) ئامانىنىسانىڭ ئىشىنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ. ئۇ تېخى سۇلتانغا بىر شاھزادە تۇغۇپ بەرمەكچى ئىمىش. مەن ئۇنى شۇنداق جايلايمەنكى، ئاشۇ بولمىش شاھزادىسى بىلەن بىللە ئۇنى مىجىپ تاشلايمەن (غەزەپ بىلەن ئىككى قولىدا بىر نىمىنى مىجىغاندەك قىلىدۇ) ئەنە شۇندىن كېيىن سۇلتان قانداق قىلارسىكىن؟ ھا، ھا، ھا...خوش، باش ۋەزىر جاناپلىرى، مەن كەتتىم (ئۇ ئىشىككە ماڭىدۇ. قىز كىرىپ ياغلىقنى بېشىغا سالىدۇ. مىرزا ئېلى ئۇزىتىدۇ) خوش، جانابى باش ۋەزىر (ئۇ كەينىگە يېرىم بۇرۇلۇپ مىرزا ئېلىگە قاراپ نازلىق كۈلۈمسىرەيدۇ، مىرزا ئېلى قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ كۈلۈپ باش ئېگىدۇ).

— پەردە چۈشىدۇ.

## بەشنچى پەردە
# ئىككىنچى كورۇنۇش سۇيىقەست

[بىر ئاي كېيىن.
[ئامانىساخانىنىڭ ئىشخانىسى. سۇپىدا ئامانىساخان "راك"نىڭ نۇسخا ئاھاڭىدا مۇڭلىنىپ تەمبۇر چېلىپ ئولتۇرغاندا پەردە ئېچىلىدۇ. تەمبۇرنى تەسىرلىك چالىدۇ. كېيىن ئۇ تەمبۇرنى قويۇپ، ئورنىدىن قوپۇپ، كىرىپ كەلگەن قىدىرخان بىلەن سالاملىشىدۇ.

**ئامانىساخان:** مەرھەمەت ئولتۇرسىلا (ئولتۇرۇشىدۇ ۋە قولتۇغىدىن ئىككى كىتاپنى ئېلىپ شىرەگە قويىدۇ.) ئومەر ئۇستا چوڭ خەۋپتىن قۇتۇلۇپ قالدى، خۇدا ساقلىدى. يەنە رەتلەنگەن مۇقاملارمۇ ساقلىنىپ قالدى. ئۇلار بىزنى بىر سازەندە ئۇستازدىن ۋە مۇقامنىڭ بارلىق ھوجەتلىرىدىن ئايىرىماقچى ئىدى، قولىدىن كەلمىدى. ئەمما ئۇلار پەيلىدىن يانمايدۇ.

**قىدىرخان:** ئۇلارنىڭ قارا نىيىتى باشلاندى. ھۇشيار بولۇش لازىم. ئاخشام ئومەر سازەندىنىڭ ھويلىسىغا ئالدىن مۇھاپىزەتنى ئۇيۇشتۇرغىنىمىز ياخشى بولغان. ئۇلار ئومەر ئۇستازغا قەست قىلىمەن دەپ ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشتى. (شىرەدىكى باشقا بىر كىتاپنى ئېلىپ) ھە، بۇ شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلەر توپلىمى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى يېتەرسىز بولغاندىن باشقا، بۇلاردا تىل جەھەتتىمۇ مەسىلە جىقراق.

**ئامانىساخان:** شۇنداق. بىزنىڭ بەزى شائىرلىرىمىز ئەرەپ، فارىس شائىرلىرىغىلا يېپىشىۋالىدۇ. نىزامى، فىردەۋسى، جامى...

ئۇلار بىز ئۈگىنىشىمىز لازىم بولغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىملار. لېكىن، بىزنىڭ ئۇيغۇرلاردىن چىققان مۇتەپەككۇر، ئالىم، يازغۇچىلىرىمىزمۇ ئىلگىرىلا شېرىيەت بابىدا كامالغا يەتكەن. قەدىمقىلارنى قويۇپ تۇرۇپ، كېيىنكى ئەسىرلەردىكى ئالىم ـ شائىرلىرىمىزنى ئالساق، مەسىلەن، فارابى، مەھمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ بالاساغۇن، ئاتايى، سەيىخى، سارايى ۋە باشقىلار... ئەبۇ نەسىر فارابى يالغۇز ئۇلۇغ شائىر بولۇپلا قالماستىن، ئۇ كىشى بىر مۇتەپەككۇر ئالىم، پەيلاسوپ. ئۇ كىشىنىڭ مۇنداق بىر شېرى يادىمدا بار: (ئويلاپ يادقا ئوقۇيدۇ)

پۇشايمان سىرى ۋۇجۇدخام قالدى ئالىمم ئوز پېتى،
يا تېشىلمەي گەۋھىرى ھەم قالدى ئالەم ئوز پېتى.

گەر ئەقىل يورۇق چېچىپ ھەر كىم ئاڭا مەنە ئەيتسىمۇ،
ئەسلى چىن تەسۋىرىدىن كەم قالدى ئالەم ئوز پېتى.

**قىدىرخان:** ھە، ھەقىقەتەن پەيلاسوپ ئالىم: (ئويلاپ شېرنىڭ ئاخىرقى قۇرنى تەكرارلايدۇ) "ئەسلى چىن تەسۋىرىدىن كەم قالدى ئالەم ئوز پېتى." شۇنداق، فارابى ئالەم قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشتە خېلى ماھارەت كورسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما، ئوزىدىن ئىلگىرىكى ۋە ئوزىگە زامانداش پەيلاسوپلارنىڭ جۇملىدىن ئوزىنىڭ ئالەم سىرىنى تېخى ئاچالماي قالغانلىقىدىن ئارماندا قالغان، ھەقىقەتەن شۇنداق. لېكىن، "ئالەم ئوز پېتى" قالمايدۇ. ئاڭ پىكىر تەرەققى قىلىدۇ، شەيئىلەر تەرەققى قىلىدۇ،

ئالەمنىڭ سىرىمۇ ئېچىلىدۇ. ھە، ئامانىساخان (شىرەدىكى كىتاپلارنى قولىغا ئالىدۇ) ئۆزلىرىنىڭ بۇ كىتاپلىرىنى كۆرۈپ تۈگە-تىشنى كېچىكتۈردۈم، ئەپۇ قىلغايلا، ئۆزلىرىنى يېتىشكەن ئالىم دېيىشكە ھەقىقىم بار، ھەر ئىككىلا كىتاپ ياخشى يېزىلغان. خۇسۇسەن «دىۋان نەفسى» (كىتاپنى كۆرسىتىدۇ) دىكى ئىدرەك ۋە ماھارەتلىرى مېنى قايىل قىلدى، «ئەخلاقى جەمىلىيە» (يەنە بىر كىتاپنى قولىغا ئالىدۇ)مۇ ئوخشاشلا يۇقۇرى قىممەتكە ئىگە. بۇ كىتاپلارنى باستۇرۇش لازىم.

**ئامانىساخان:** بۇ كىتاپلارنى مېنىڭچە پىشقان ئەسەر دېيىشكە ئەر-زىمەيدۇ. مەن ئۆزەم قانائەتلەنمەيمەن، ئەگەردە مەلۇم ئۇتۇق بار، دېيىلسە، ئۇ جاناپلىرىنىڭ غەمخورلۇغى ۋە تەربىيىسىدىن ئايرىلمايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ «دىۋان قىدىر» ناملىق مەشھۇر ئەسەر-لىرى ماڭا چوڭ ياردەم بەردى.

**قىدىرخان:** ھە، ئۇ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، پەقىر ئاخىرقى ئۆمرىدە ئۆزلىرىدەك ياش، بولۇپمۇ ئايال ئالىمنى كۆرەلىگىنىم ئۈچۈن زىيادە خۇرسەن مەن.

**ئامانىساخان:** ۋاي، يامان كوتىرىۋەتتىلە ئۇستاز، "ئالىم" مەرتى-ۋىسىگە يېتەلىسەك ياخشى بولاتتىغۇ!

**قىدىرخان:** "ئالىم"لىق ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، كىشىنىڭ ئەستايىدىل تىرىشچانلىغىغا باغلىق. بىلىم ئىلىمنى سۆيگۈچىگە باش ئېگىدۇ، ھورۇنىنى، ھاكاۋۇرنى يات كۆرىدۇ؛ ساختىپەز بىلەن بولسا ھەرگىز چىقىشالمايدۇ. ئۆزلىرى ئىلىمگە مۇھەببەت باغلىغان ئىسىل پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغانلىقلىرى ئۈچۈن "ئالىم"لىق مەرتىۋىسىگە يەتتىلە. قىزىم، سىلە بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ

غۇرۇرى، (بىر خىل ھاياجان ۋە ھورمەت بىلەن سوزلەيدۇ) بۇ ئىككى كىتاپنى نەشر قىلىشقا رۇخسەت قىلىسلا.

**ئامانىساخان:** ماڭا بەرگەن ئىلھاملىرىڭغا مىڭلارچە تەشەككۇر، ئۇس-تازىم (تازىم قىلىدۇ). نەشر ئالدىدىن يەنە بىر قېتىم كورۇپ چىقاي، سۇلتانىمۇ ئاخىرقى نۇسخىسىنى كورەي دىگەن ئىدى. ئاۋال، بەلكى دەرھال "مۇقام" كىتاۋىنى باستۇرساق دەيمەن.

**قىدىرخان:** ئۇ توغرا، بۇ كىتاپلارنىمۇ باستۇرىمىز، ھە، راست، سۇلتان تېزراق قايتسا بولار ئىدى.

**ئامانىساخان:** مەن خەت يازدىم. قايتىپ قالار. ھازىر ئەھۋال بارغانسېرى جىددىيلەشمەكتە، سۇيىقەست ھەركىتى باشلاندى، رەھمەتنى ئولتۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئومەر ئۇستازغا قەست قىلىش، سەنايى نەفسىمىزنى تاقاش...

**قىدىرخان:** شۇنداق، ئەھۋال جىددى. خانلىق مەدرىسكە ئوت قويۇش دىگەن نىمىنى ئۇيدۇرۇپ چىقىش پۇتۇن سۇيىقەستنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. مېنىڭچە، ئىش بۇنىڭ بىلەن توگەپ قالمايدۇ. بىز ھوشيار بولىلى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلىم-مەرىپەت ئىشىمىزنىمۇ توختاتمايلى، مەسىلەن: ئەدەبىيات-سەنئەت، مۇقام تەتقىقاتىدا ئۇتۇغىمىز بار. بۇنىڭدىن قانائەتلە-نىشكە بولمايدۇ، ئۇلار دىنغا قارشىلىق دىگەن بوھتان بىلەن ئۇنى يوقاتماقچى، بىز ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم.

**ئامانىساخان:** مۇقامنى تەتقىق قىلىشنىڭ نەتىجىسى، ئۇتۇغىمۇ جاناپلىرىنىڭ يېتەكچىلىگىنىڭ نەتىجىسى. ئومەر سازەندە جاناپ-لىرىمۇ جىق كوچ چىقاردى، مۇلاھىزە قىلىشىمىزچە، مۇقام ئون ئىككىگە يەتتى، توققۇز مۇقام رەتلەندى، ئاساسەن تولۇقلاندى،

داۋاملىق تولۇقلاش لازىم، يەنە ئۈچ مۇقامنىڭ ئاساسى بار، ئەمما كەم ھايلىرى جىق، داۋاملىق ئىشلەش كېرەك. يەنە شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، ئۇيغۇر مۇقامىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە يېقىن شەرقتىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ مۇقاملىرىمۇ مەيدانغا چىققان، ئەمما مەيلى سان، سۈپەت جەھەتتىن ياكى تۈزۈلۈش جەھەتتىن بولسۇن، بىزنىڭ مۇقامىغا يەتمەيدۇ. شۇنداق، ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولغاچقا، تەرەققىياتىمۇ خېلى ياخشى. مۇقاملارنىڭ تىلىنىمۇ ئۆيلىنىش لازىم، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا مىللەت شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆرە، ئاۋال، ئۆز شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىن كىرگۈزۈلسە ياخشى.

**قاۋۇل مىرزا:** (خوشال كىرىدۇ) سالام قىدىرخان تاغا، خېنىمنىڭ تەنلىرى ساق بولغاي. (ئامانىساخانغا قاراپ) ئۆزلىرىگە خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، (يانچۇقىدا بىر نىمە يوشۇرىدۇ) سۈيۈنچە بەرسىلە.

**ئۆمەر سازەندە:** (كىرىدۇ)، ھە، سۈيۈنچە؟ خۇش خەۋەر بولسا ئەلۋەتتە سۈيۈنچە بېرىش كېرەك (سالاملىشىدۇ).

**ئامانىساخان:** ئولتۇرسىلا ئۇستاز. ۋاي نىمە بولاتتى. قەشقەردىن خەۋەر كەلگەندۇ ھەرقاچان.

**قاۋۇل مىرزا:** ئىش قىلىپ خۇش خەۋەر، سۈيۈنچە بەرسىلە!

**ئامانىساخان:** ئىككى تاقا بەقسەم.

**قاۋۇل مىرزا:** ھەببەللى، مانا (يانچۇقىدىن خەتنى چىقىرىپ بېرىدۇ. باشقىلارمۇ قارىشىدۇ).

**ئامانىساخان:** ھە، سۇلتاندىن كەلگەن خەت، (ئېچىپ ئاۋال ئىچىدە ئوقۇيدۇ، كېيىن باشقىلارغا ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ ئوقۇپ بېرىدۇ) مانا مۇنداق

يېزىپتۇ: ”...... سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى زىيارەت قىلىش مەندە چوڭ تەسىر قالدۇردى. خۇسۇسەن، خاننىڭ تەزكىرىسىنى كورگەندىن كېيىن، بىزنىڭ ئۇ كىشىنىڭ ئالى خىسلىتىدىن، خەلقپەرۋەرلىگىدىن، ۋەتەنپەرۋەرلىگىدىن، قەھىرىمانلىغىدىن ئۆگىنىدىغان جايلىرىمىز جىق ئىكەن دەپ قالدىم......“ ھە، يەنە مۇنداق دەپتۇ: ”قەشقەر ۋالىسىنىڭ ئىشى يامان ئەمەس، ئەمما، پۇخرالار ھامان ئېغىر قىيىنچىلىقتا ياشىماقتا، دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ بولۇپمۇ ئىشان-سوپىچىلىقنىڭ كىشىلەرگە سىڭلۋاتقان روھىي كىشىنى... شۇنداق، بۇ روھىي كىشەن سىياسى، ئىقتىسادىي كىشەننى چىڭىتماقتا..“

**قىدىرخان:** ياخشى پىكىر، يېڭى تونۇش، ئالى جاناپ تونۇش.

**ئۇمەر سازەندە:** بىزنىڭ سۇلتانىمىز پۇخراغا يېقىنلاشسا نىمە دىگەن ياخشى. تۇرمۇش — ئۇلۇغ مەكتەپ. ئۇ ھەرقانداق مەكتەپ بېرەلمەيدىغان بىلىمنى بېرىدۇ، ھە، يەنە نىمە دەپتۇ؟

**ئامانىساخان:** يەنە بىرەر ئايدىن كېيىن قايتىمەن دەپتۇ. ئوزىنىڭ نىمشكىمۇ كوڭلى ئەنسىرەۋاتقىنىنى، قايتىشقا ئالدىراۋاتقانلىغىنى يېزىپتۇ. قالغىنى باشقا گەپلەر......

**قاۋۇل مىرزا:** ئاشۇ ”باشقا گەپلەر“نىڭ ئىچىدە بىر بېيىت باردەك قىلىدۇ، ئەنە (بېگىز قولى بىلەن خەتنى كورسىتىدۇ). بىزنىڭ ئاڭلىشىمىزغا بولامدىكىن؟

**ئامانىساخان:** ھە، بۇمۇ؟ مەيلى، بولىدۇ (ئوقۇيدۇ).

”ئەي پەيكى سابا مېنىڭ بايانىم يەتكۈز،
يارىمغا نىياز ئىلە سالامىم يەتكۈز،
گەر سۇبھى ۋە شام قېشىغە يەتسەڭ،

ئەلۋەتتە ئاگا سۇبھى ـ شانىم يەتكۈز“
(ئۇ، ئىزا ئارىلاش كۈلىدۇ، باشقىلارمۇ كۈلۈشىدۇ.)

**قىدىرخان:** شائىر دىگەن قولىغا قەلەم ئالسا، شېئىر يازماي تۇرالـ ـمايدۇ، سۇلتان غەزەلدىن قالسا، رۇبائىنى ياخشى كورىدۇ.

**ئامانىساخان:** (بىر قولى بىلەن مەيدىسىنى باسىدۇ، ساقلىغى ياخشى ئەمەسلىگىنى سېزىدۇ) قاۋۇل مىرزا، مىجەزىم ناچارراق تۇرىدۇ. بىر تىۋىپ چاقىرتامسىزكىن (قاۋۇل مىرزا چىقىپ كېتىدۇ).

**قىدىرخان:** راست، چىرايىلىرى ئانچە ياخشى ئەمەس، دىققەت قىلىسىلا (قاۋۇل مىرزا قايتىپ كىرىدۇ). راستىلا، جانابى ئۇمەر، سالامەتلىكلىرى قانداق؟

**ئۇمەر سازەندە:** ياخشى، رەھمەت، ھىچ گەپ يوق. ئامانىساخېنىمنىڭ مەرھەمىتى ۋە سەردارنىڭ نەۋكەرلىرى بولمىغان بولسا،......

**سەردار:** (كىرىدۇ ۋە ئامانلىشىپ جىددى قىياپەتتە ئولتۇرىدۇ) بۇ ئىشلار ئوتتى. يەنە قانداق ئىشلار بولۇشنى ئويلىشىش كېرەك. سۇلـ ـتان كەلسۇن، چاپسانراق كەلگىنى ياخشى. (باشقىلار دىققەت قىلىدۇ) بىز بەك بىغەم بولۇپ قاپتىمىز.

**ئامانىساخان:** (ئەندىشە بىلەن) يېڭى خەۋەر بارمۇ؟

**سەردار:** (بېشىنى ئېگىپ خۇپىيانە سوزلەيدۇ) سۇيىقەست خەنجىرىنىڭ ئۇچى سۇلتانغا قارىتىلغان (ھەممە چوچۇيدۇ)، كېيىن ئوزلىرى، ئاندىن قالسا باشقىلىرىمىز. ئىشنىڭ باشلىنىشى ئۇمەر سازەندىنى ئولتۇرۇپ مۇقامنى كويدۇرۇش، ئاندىن كېيىن.....

**ئامانىساخان:** ئەبلەخلەر.

**قىدىرخان:** ھە، ھە، ئىش مۇنداق دەڭ؟!

**سەردار:** (قاۋۇلغا قاراپ) چاپسان خانغا كىشى چاپتۇرۇش لازىم. بىر پارچە خەت يېزىڭ، يوپۇرغا ـ تېرىم بىلەن قايتىشنى تەۋسىيە قىلىڭ. چوڭ يول خەتەرلىك. مەن سۇلتاننى قارشى ئېلىش ئۈچۈن مۇھاپىزەتچىلەر ئەۋەتىمەن، خېنىم، ئۆزلىرى سۇلتان قايتقىچە تالا ـ تۈزگە چىقمىسىلا، مۇھاپىزەتنى كۈچەيتىمىز. يانلىرىدىكى خادىملاردىن ھۇشيار بولسىلا...... قاۋۇل مىرزا، سىز ئوردا ئىچىدە ئەھۋالنى جىددى كۆزىتىڭ، خېنىمنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەممىمىز مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك.

**قىدىرخان:** ئامانىسا خېنىم، ئەھۋال ھازىر مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىكەن، بىز ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك. ئىشان يەنە دىننى دەستەك قىلىپ چىقىپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇشى مۇمكىن. سەردارنىڭ تەدبىرى ياخشى. بىز سۇلتاننىڭ ساق ـ سالامەت كېلىشىنى كۈتەيلى ھەم ھۇشيار تۇرايلى. سۇلتان كەلگەندە ئىشلارنى تۈپتىن ھەل قىلىش لازىم. ھازىرچە بەزى زىيانلاردىن كۆز يۇمۇش كېرەك.

**سەردار:** توغرا گەپ، "سەبرى قىلسا غورىدىن ھالۋا پۈتەر". ھەم سەبرى قىلىش، ھەم ھۇشيار بولۇش كېرەك.

**ئامانىساخان:** ھەربى ئىشلار...

**سەردار:** ھەربى ئىشلاردىن خېنىم خاتىرجەم بولغاي، زورۇر تەدبىرلەر قوللىنىلدى.

**ئامانىساخان:** خوپ، سەردار شۇنداق بولسۇن، سۇلتانغا دەرھال كىشى چاپتۇرۇڭلار، ھەممەيلەن ھۇشيار بولايلى. (ئورنىدىن قوپىدۇ) مەن بىر ئاز دەم ئالاي. (باشقىلار ئامانلىشىپ چىقىشىدۇ. بادامخان كىرىدۇ) بادامخان، مىجەزىم يوق تۇرىدۇ. تىۋىپ

كەلمەكچى (ئىچكىرى كىرىپ كېتىدۇ. بىر خىزمەتچى قىز چىقىدۇ).

**بادامخان:** (قىزغا) ھېلىقى بۈۋى تىۋىپ كەلمەكچى، ساقلاپ تۇرسۇن (ئۇمۇ ئىچكىرىگە كىرىدۇ). (قىز ئامانىسساخان ياتقان يولەنگۈچ كارۋاتنى تۈزىتىدۇ).

**بۈۋى تىۋىپ:** (تالادىن سوزلەپ كىرىدۇ) ياتئالـلا، جـىـمى بەنـدەگنى ئامان قىلغىن، ئۇھ، ھېرىپ ھالـىم قالمىـدى (دوگىغاقلاپ مېگىپ بېلىگە مۇشتلايدۇ).

**قىز:** (قارشى ئالىـدۇ) كەلسىلە ئانا، ئولـتۇرسىلا (ئۇنى يولەپ ئولـتۇر-غۇزىدۇ).

**بۈۋى:** رەھمەت بالام. بەلەن قىز ئىكەنسەن، مەنمۇ سەنـدەك ۋاق-تىمدا بەك ئۇز ئىدىم. قارا، ئەمدى نىمە بولۇپ كەتتىم.

**قىز:** ھېلىمۇ ئۇز تۇرۇپلا (ئۇنىڭ سەت بەشرىسىگە قاراپ، ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇپ كۈلىدۇ).

**بۈۋى:** ھە، شۇنى دىـگىـنا، سەن خېـلى ئادەم تونۇيدىـكەنـسەن. ھەي، خېنىم ساقىسىز بولۇپ قالدى دەيدىغۇ؟

**قىز:** ھە، بىر ئاز تاۋى يوق. (چاي قۇيىدۇ) سىلە چاي ئىچـىپ ئول-تۇرۇپ تۇرسىلا. مەن خېنىمغا خەۋەر قىلاي (كىرىپ كېتىدۇ).

**يادىگار خېنىم:** (ئىچكىركى ئويدىن چىقىدۇ ئەتراپقا قارايدۇ) ھە، بۈۋىم كەپ قاپلا...

**بۈۋى:** چوڭ ئاغچا خېنىمنىڭ ئومرى زىيادە بولغاي (ئېگىلىدۇ).

**يادىگار خېنىم:** ھە، شۇنـداق بولغاي، ئۇنى خـۇدا بىـلىـدۇ (يەنە ئەتراپقا قارايـدۇ، كېيىن بۈۋىگە يېـقىن كېلىـپ جىـددى سوزلەيـدۇ). ھە، قېرى، مەن ساڭا ئېيتقان سوز ئېسىگىـدە بارمۇ؟ مانا پۇر-سەت كەلدى.

**بۇۋى:** (تىترەيدۇ) ۋاي خېنىم، مېنىڭ ئۈن بېشىم يوق، قورقىمەن...
(قىز ئىچكىركى ئۆينىڭ ئىشىگىدىن چىقىۋېتىپ نىمىنىدۇ ئاڭلاپ قالىدۇ، چېكىنىدۇ ۋە پەردىگە يوشۇرۇنۇپ مارايدۇ.)

**يادىگار خېنىم:** قورقما، مەن بار، ھەر بالا بولسا مەن قۇتقۇزىمەن. (يېنىدىكى بىر خالتا ئالتۇننى ئېلىپ بۇۋىگە بېرىدۇ) كېيىن، نىمە كېرەك بولسا مەندىن سوراۋەر.

**بۇۋى:** (خالتىنى ئېلىپ كوزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ، خوشاللىغىدا نىمە قىلىشنى بىلەلمەيدۇ) خېنىم... چوڭ ئاغچا خېنىم... بىراق مەن، ھېچنىمە ئېلىپ كەلمىگەن ئىدىم.

**يادىگار خېنىم:** مانا، مەندە بار (دورا سېلىنغان كىچىك شېشىنى بۇۋىگە بېرىدۇ)، ئۇنىڭغا بېرىدىغان دورىنىڭ ئىچىگە قوشۇۋەتسەڭلا بولدى. (بۇۋى شىشىنى رومىلىنىڭ ئۇچىغا تۈگىدۇ. قىز كورۇپ ئاۋازىنى ئىچىگە تارتىپ چوچۇيدۇ. بارمىغىنى چىشلەپ، يەنە دىققەت قىلىدۇ). مەن كەتتىم... ھودۇقما... (چىقىپ كېتىدۇ).

**ئامانىساخان:** (چىقىپ قىزنىڭ قىياپىتىگە دىققەت قىلىدۇ) ھەي، نىمە بولدى سىزگە؟

**قىز:** يوقسۇ، خان ئاچا، ھېچنىمە بولمىدى...

**ئامانىساخان:** تىۋىپ كەلدىمۇ؟

**قىز:** كەلدى ئەينە....

**ئامانىساخان:** ھە، بۇۋىم، بۇيان كەپلا (ئۆ تەرەپكە ماڭىدۇ. قىز ئارقىسىدىن كىلىدۇ).

**بۇۋى:** ئاغچا خېنىمنىڭ ئومرى زىيادە بولغاي (دۇئا قىلىدۇ).

**ئامانىساخان:** رەھمەت، ئولتۇرسىلا، (ئوزى كارۋاتقا يولىنىدۇ) بىرئاز تاۋىسىز بولۇپ تۇرىمەن. سىلىنى ئاۋارە قىلدىم.

**بۇۋى:** ھەرگىز ئاۋارىچىلىغى يوق، خىنىم، پەقىرلىرى ئاغچا خىنىمنىڭ قۇلى. خىزمەتلىرىگە دائىم تەييار.... (بىرىپ خىنىمنىڭ تومۇرىنى تۇتىدۇ). بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، خۇدا شىپالىق بەرگەي، لوقمان ھىكىمنىڭ ئەرۋاھى مەدەت قىلغاي... ھە، ھە، خىنىمنىڭ ئىسسىغى ئىشپىراق قاپتۇ، قۇرۇق ئىسسىق (يەنە بىر قولىنىڭ تومۇرىنى تۇتىدۇ)، شۇنداق خىنىم، ئىككىلا تومۇر ئوخشاش سوقۇۋاتىدۇ. چاپسانىراق، ھېچ گەپ يوق خىنىم، زۇكامىنىڭ ئەسىرى بار، مەن دورا ئالغاچ كەلگەن ئىدىم. (قىزغا قارايدۇ) قىزىم، قايناقسۇ بارمىكىن؟ تازا قايناق بولسۇن، (بوۋى بىر خالتىدىن بىر خىل گۇل ئۇرىغى ئېلىپ چىنىگە سالىدۇ. كېيىن ئامانىساخانغا سوز قىلىپ تۇرۇپ، روملىنىڭ ئۇچىغا ئورالغان ششىدىكى زەھەرنى يېنىچە چىنىگە توكىدۇ. ششىنى يەنە رومالغا تۈگىدۇ. قىز چىقىپ كورۇپ قالىدۇ. چەينەكنى ئەپ چىقىپ بۇۋىگە بېرىدۇ، بۇۋى چىنىگە قايناقسۇ قۇيىدۇ. قىز ئۇنىڭدىن يوشۇرۇنچە، ئامانىساخانغا "دورىنى ئىچمەڭ" دىگەن مەنادا ئىشارەت قىلىدۇ: خىنىم چۇشەنمەي ھەيران قالىدۇ... قىز ئالدىراپ ئىچكىرىگە ماڭىدۇ).

**بۇۋى:** (دورىنى چىنىدە ئارىلاشتۇرۇپ، پۇۋلەيدۇ) ھېچ ۋەقەسى يوق، ئاغچا خىنىم، مۇشۇ دورىنى قىزىغىدا ئىچسىلە، بىر تەرلەپلا ياخشى بولۇپ كېتىلا. خۇدايىم بۇيرۇسا، مەن ئەتە كېلىپ، يەنە كورىمەن... (ئۇ دورىنى ئامانىساخانغا سۇنىدۇ، ئامانىساخان ئېلىپ، پۇۋلەپ ئاغزىغا تەككۈزىدۇ، قىزىق ھىس قىلىپ ئىچمەي يەنە پۇۋلەيدۇ، يەنە ئىچكىلى باشلايدۇ...)

**بادامخان:** (ئارقىسىدىكى قىز بىلەن ئىچكىرىدىن ئېتىلغانچە چىقىدۇ) ئىچمەڭ، ۋاي ئىچمەڭ! (ۋاقىرغانچە كېلىپ، ھەيران بولۇپ، چىنىنى تۇتۇپ تۇرغان ئامانىساخاننىڭ قولىدىن چىنىنى ئۇرۇپ چۇشۇرۇۋېتىدۇ.

قىز تالاغا يۈگۈرىدۇ) ئامانىساخان، دوستۇم، بۇنىڭدا زەھەر بار!

**ئامانىساخان:** (چوچۇپ قوزغىلىدۇ) ھە!...

[قىز ئىككى ئايال ياساۋۇلنى باشلاپ كىرىدۇ. ياساۋۇللار بۈۋىنىڭ ئىككى يېنىغا كېلىپ توختايدۇ. بادامخان پۇچۇق چىنىنىڭ تېگىدە قالغان دورىنى بىر ئەسكەرگە بېرىپ، قۇلىغىغا سوزلەيدۇ. ئەسكەر تالاغا چىقىدۇ.

**بادامخان:** (بۈۋىگە ۋاقىرايدۇ) قانخور، جاللات! نىمە قىلماقچى ئىدىڭ؟ ئەيت! (ۋاقىراپ ئۇرماق بولىدۇ. بۈۋى تىترەپ ساغرىسىپ كەينىگە داجىيدۇ)

**ئامانىساخان:** (سالماقلىق بىلەن) بادامخان، خاپا بولماڭ. (بۈۋىگە قارايدۇ) بۈۋى، دورىغا زەھەر سېلىشقا سېنى نىمە مەجبۇر قىلدى؟

**بۈۋى:** (يالغان يالۋۇرىدۇ) ئاغچا خېنىم، مېنىڭ جېنىم ئۇن ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق گەپ يوق. مېنىڭ ھەددىم يوق، خېنىم، مېنى كەچۈرسىلە (دەرىزە تېشىدا گۇمانلىق سىر كىشى ئىپ قىلىپ كورۇنۇپ ئوتۇپ كېتىدۇ).

**قىز:** يالغان سوزلىمە قېرى! مەن ھەممىنى كورۇپ تۇردۇم (بۈۋىنىڭ رومىلىنىڭ ئۇچىغا تۈگىلگەن شىشىنى يېشىپ ئالىدۇ) ماۋۇ نىمە؟ بۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسە قېنى؟

**بادامخان:** ئەيت، ئۇ قېنى؟

**بۈۋى:** خانىلىرىم، بۇ بىر دورا شىشىسى. ئولۇمدىن خەۋىرىم بار. باشقا نەرسىدىن خەۋىرىم يوق...

**سەردار:** (ياساۋۇل بىلەن كىرىدۇ. ياساۋۇلنىڭ قولىدا بىر ئولۇك توشقان) ھەي قېرى، بۇ نىمە؟ (توشقاننى كورسىتىپ غەزەپ بىلەن سورايدۇ)

**ياساۋۇل:** دورىدىن توشقانغا بىر يۇتۇم ئىچكۈزگەن ئىدۇق، ھابال ئۇتمەي جېنى چىقتى.

**ئامانىساخان:** خوش، بۇۋى، ئەمدى نىمە دەيسىز؟!

**بۇۋى:** (باش ئېگىدۇ) بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، خېنىم (بېرىپ ئامانىساخانىنىڭ ئالدىغا يېقىلىدۇ).

**سەردار:** ساڭا تاپشۇرۇق بەرگەن كىم؟ راستىڭنى ئېيتساڭ ئۇلۇمدىن كەچۈرۈش مۇمكىن.

**بۇۋى:** (بېشىنى كوتەرمەي) قورقىمەن، تىلىم كويىدۇ...

**ئامانىساخان:** قورقما ئېيتىۋەر، بىز بار.

**بۇۋى:** مەن ئېيتاي خېنىم، ئېيتاي... (بىر غايىپ خەنجەر دەرىزىدىن كىرىپ، توپ-توغرا بۇۋىنىڭ كوكرىگىگە سانچىلىدۇ، بۇۋى يىقىلىدۇ، باشقىلار پات-پاراق بولىدۇ. ئەسكەرلەر تالاغا يۈگۈرىدۇ).

**سەردار:** (بۇۋىنى تەكشۇرۇپ كورىدۇ. ئۇ ئولۇپ بولغان. خەنجەر سانجىغلىق مەيدىسىدىن قان چىققان بۇۋى ئالىيىپ ياتىدۇ) تۇگەپتۇ. ئەپ چىقىڭلار بۇ ئىپلاسنى! (ياساۋۇللار كوتىرىپ ماڭىدۇ)

**ئامانىساخان:** سىر يوشۇرۇن قالدى!

**سەردار:** بۇ سىرنى چوقۇم تاپىمىز.

— پەردە چۈشىدۇ.

# ئالتىنچى پەردە

## بىرىنچى كورۇنۇش    سۇلتان غەزەپلەنـدى

[ئوردىنىڭ رەسمىيەت سارىيى.

[تەنتەنىلىك ئوردا مۇزىكىسى بىلەن پەردە ئېچىلىدۇ.

[ھەمـمە ۋەزىر - ۋۇزرالار (ئىلگىرىكىـگە ئوخـشاش) ئوز ئورۇنـلىرىـدا ئولتۇرغان، ئۇلاردىن باشقا شاھباز مىرزا، قەشقەر ۋالـىسى مەھەمـمەت بۇغرالار بار. تەختىنىڭ كىيىندە، ئىككى ياندا، تالا ئىشىگىنىڭ ئىكـكى قاسىنغىدا ساۋۇت كىيگەن، نەيزە تۇتـقان قالقانـلىق ياساۋۇل تۇرغان. ساراي سۇرلۇك كورۇنۇش ئالغان. سازمۇ ھەيۋەتلىك چېلىنىدۇ. ئـشان ھاسىسىغا تايىنىپ، يەرگە قاراپ قاپىغـىنى سىلىپ ئولتۇرىدۇ. مىرزا ئېلىنىڭ سىياقى ئەندىشىلىك. ساز توختايدۇ...

**ئەكرەم:** (ئىچكىرىدىن چىقىپ) سۇلتان ئالىلىرى قەدەم تەشرىپ قىلدى!

[ئابدۇرىـشتـخان خانچە كىيىملىرىنى كىيگەن، جىددى قىياپەتتە ئامانـنىسا خېنىم بىلەن چىقىدۇ، ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ باش ئېگىـپ ھورمەت بىلدۇرىـدۇ. تالادا نۇرغۇن كىشـلەرنىڭ نارازىـلىق شاۋقۇنى ئاڭلىنىدۇ، خـان بىلەن خېنىـم تالاغا ئازراق قۇلاق سالـىدۇ، كېيـىن تەنتەنىلىك مېڭىپ كېلىپ، يۇقۇرىدىكى ئىكـكى ئىگـىزرەك ئورۇندۇقـقا ئولتۇرىدۇ...

**ئىشان:** (قول كوتىرىدۇ، باشقىلارمۇ قول كوتىرىپ ئىشانغا قوشۇلىدۇ.) سۇلتان جانابى ئالىلىرىنىڭ، ئاغىچا خېنىم جانابىلىرىنىڭ ئومۆر-لىرى ئۇزۇن بولغاي، ئامىن (ھەممىسى "ئامىن" دەپ ئۈنلۈك ئېيتىدۇ. قوللىرى بىلەن يۈز-ساقاللىرىنى سىلايدۇ).

**ئابدۇرىشتخان:** (قولى بىلەن ئولتۇرۇشقا شەرەت قىلىدۇ، باشقىلار ئولتۇرىدۇ) ئەمما، بەزىلەر ئاغزىدا ئۇزۇن ئومۇر تىلەيدۇ، يېڭى ئىچىدە خەنجەر. شۇنداق ئەمەسمۇ، جانابى مىرزا ئېلى؟!! (مىرزا ئېلىغا تىكىلىپ قارايدۇ)، (تاشقىرىدىكى شاۋقۇن كۈچلۈكرەك ئاڭلىنىدۇ، "ئادالەت تەلەپ قىلىمىز!" "زالىم مۇستەبىتلەرگە جازا بېرىلىشى كېرەك!" "سۇلتان ئەلنىڭ دادىغا يەتسۇن!" دىگەن ئاۋازلار ئوچۇق ئاڭلىنىدۇ).

**ئابدۇرىشتخان:** كوردۇڭلارمۇ، ئەل نىمىنى تەلەپ قىلىدۇ! جاۋاپ بېرىش كېرەك. (قاۋۇل مىرزاغا قاراپ) ئۇلار ۋەكىللىرىنى سايلىدىمۇ؟

**قاۋۇل مىرزا:** سايلاپ قويدى.

**ئابدۇرىشتخان:** كىرسۇن (يانا شاۋقۇن... مەخمۇت ئوتۇنچى باشلىق ئون نەپەر ۋەكىل كىرىدۇ، بۇلارنىڭ توتى دىخان ۋەكىلى. ئىككىسى شەھەر ھۈنەرۋەن كاسىپلىرىنىڭ ۋەكىلى، ئىككىسى تالىپلار ۋەكىلى، يەنە ئىككىسى كىچىك سودىگەرلەر ۋەكىلى، ئۇلار مەخمۇت ئوتۇنچىنىڭ باشچىلىغىدا سۇلتانغا سالام بېرىدۇ).

**ۋەكىللەر:** سۇلتان جانابىلىرىنىڭ ئادىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىمىز!

**ئابدۇرىشتخان:** (مەخمۇت ئوتۇنچىنى كورۇپ بىرئاز ھاياجانلىنىدۇ ۋە ئامانىساخانغا قارايدۇ، ئامانىساخان بېرىپ دادىسىغا تازىم قىلىپ، كوكرىگىگە باش قويىدۇ. دادىسى پىشانىسىگە سويۇپ قويىدۇ. ئامانىسا-خان جايىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ... خوش، مەخمۇت ئاتا، ۋەكىللەر!

قېنى قانداق تەلەپلەر بولسا ئېيتايلى.

**مەخمۇت ئۇتۇنچى:** جانابى سۇلتان، دېخانلار ۋەيران، سەرگەردان بولماقتا. بىز مەكتە، مارالـۋېشى، ئاۋات دېخانـلىرىغا ۋەكـىل بولۇپ كەلدۇق. سۇلـتان ئاللىرىـنىڭ ئەل دادىـغا يېتىشـىنى تەلەپ قىلىمىز.

**دېخان A:** مەن ئاۋاتتىن كەلدىم، پۈتۈن ئاقسۇ يېزىـلىرى خاراپ بولۇپ كېتىۋاتىـدۇ. چوڭلار، بەگ ـ تورىـلەر، قازى ـ ئىشـانلار دېخانـلارنى تالان ـ تاراج قىلىـۋاتىـدۇ. دېخانـلارنىڭ قۇرۇق سوڭەكلىرىدىن باشقا ھېچ نىمىسى قالمىدى.

**دېخان B:** بۇلتۇر خانـىنىڭ پەرمانى دەپ بىزگە بىرمۇنـچە ياخـشى ۋەدىلەرنى قىلغان، نەدە ”پەرمان“ بولسۇن، كېيىنكى ئەھـۋال ئىلگىرىكىدىن ئېشىپ كەتتى...

**ھۈنەرۋەن A:** بىز شەھەر ھۈنەرۋەنـلىرىـنىڭ، كەمىبەغەلـلەرنىڭ ئەھۋالى يېزىلارنىڭـكىدىن قېلىشمايـدۇ. سۇلـتان جاناپـلىرى، زورلۇق ـ زومىگەرلـىك دەستىـدىن جان باقالـمايدىـغان بولۇپ قالدۇق.

**كىچىك سودىگەر A:** (ياخشىراق كىيىنگەن) پەقىر ئۇششاق سودىگەر ـ لەرگە ۋەكىل بولۇپ كىردىم، سۇلتان ئاللىـرى. بىز ئۇششاق سودىگەرلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋا ـ تىدۇ. تىرىكچىلىك قىلىشقا ئامال بولمايۋاتىدۇ، ئۈنىڭ ئۈستىگە دىنغا قارشى، ”دەھـرى“ دىـگەن نام بىلەن قاماقـقا ئېلىـش، دارغا ئېسىشلار بارغانسېرى كوپىيىپ كېتىۋاتىـدۇ.... بىز مۇسـ تەبىت زالىمـلارغا جازا بېرىلىـشىنى، پۇخـرالارغا ئەركىنـلىك بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز!...

**ئابدۇرىشتخان:** خوپ، بىز سىزلەرنىڭ تەلەپلىرىڭىزلارنى ئاڭلىدۇق. بۇ تەلەپلەر — توغرا، ھەققانى تەلەپلەر. سىزلەر بايان قىلغان ئەھۋاللار پەقىرنى ئويلاندۇردى. ئەلنىڭ ئازاپ - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولغانلىغىغا ئاساسەن مەن جاۋاپكار... ۋەكىللەر، سىزلەر چىقىپ كوپچىلىككە چۈشەندۇرىڭىزلەر، بىز مۇزاكىرە قىلماقچىمىز، ئۇزاق ئوتمەي جاۋاپ ئالۇرسىزلەر.

**ۋەكىللەر:** (مەخمۇت) ئەگەر ئەلنىڭ تەلەپلىرى ھەل قىلىنسا، بىز سۇلتان ئالىلىرىنىڭ سوزىنى ئاڭلايمىز (باشقىلارنى باشلايدۇ، ۋەكىللەر چىقىدۇ، كوپچىلىك شاۋقۇنى يەنە كوتىرىلىپ بېسىلىدۇ).

**ئابدۇرىشتخان:** خوش، جانابى ۋەزىرلەر، ئەرباپلار! ئەل ئازاۋىنى ئوز قۇلىغىمىز بىلەن ئاڭلىدۇق. بۇنىڭغا نىمە دەيمىز؟!

**مىرزا ئېلى:** سۇلتان ئالىلىرى، بۇ ئىشلاردىن پەقىرنىڭ خەۋىرىم يوق ئىكەن.

**ئابدۇرىشتخان:** ھا، ھا، ھا،... (غەزەپلىك كۇلىدۇ) سىزنىڭ سۇئىقەستچىلىكتىن، شەخسى قارا نىيەتلىكتىن خەۋرىڭىز بار....

**مىرزا ئېلى:** مەن... سۇلتان...

**ئابدۇرىشتخان:** (ئۇنىڭغا ئېتىۋار قىلمايدۇ ۋە غەزەپ بىلەن قىچقىرىدۇ) پاششاپ بەگ!

**ئېلى پاششاپ:** (چوچۇپ كېتىدۇ) خوش سۇلتان ئالىلىرى... (ئورنىدىن قوپۇپ باش ئېگىدۇ).

**ئابدۇرىشتخان:** جانابى ئومەرنىڭ ئويىگە بۇلاڭچىلارنى ئەۋەتكەن كىم؟!

**ئېلى پاششاپ:** (قورقۇپ تىترەيدۇ. مىرزا ئېلى يەر ئاستىدىن ئۇنىڭغا قارايدۇ) بىز تەكشۇرۇپ، جىنايەتچىنى تاپالمىدۇق، سۇلتان

جاناپـلىرى. بۇلاڭـچـلارنىڭ بىرسى شۇ جايـدا سەردارنىڭ ساقچىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، بىرى قېچىپ كەتكەن...

**ئابدۇرىشتخان:** قېچىپ كەتكەن؟ خوپ، (ئەكرەمگە) ئەپ كىر ئۇنى (ئىككى ئەسـكەر يوغان گەۋدىلىـك، سەت قـىياپـەت بىرسـىنى ئېلىپ كىرىدۇ) سەن بۇنى تونۇمسەن؟ (پاششاپتىن سورايدۇ)

**ئېلى پاششاپ:** يۇقسۇ، سۇلتان جاناپلىرى...

**ئابدۇرىشتخان:** سەنچۇ؟ (جىنايەتچىدىن سورايدۇ)

**جىنايەتچى:** (يەر ئاستىدىن پاششاپقا قارايدۇ) تونۇيـمەن... ئۇ ئېـلى پاششاپ... بىزنى ئۇمەر سازەنـدىنى ئۆلـتۈرۈشـكە ئەۋەتـكەن مۇشۇ...

**ئېلى پاششاپ:** مۇتەھەم، ئوغـرى، يالـغان (ھودۇقۇپ سوزلەيـدۇ)، تامامەن يالغان. سۇلتان ئالىلىرى....

**ئابدۇرىشتخان:** (شەرەت بىلەن جىنايەتـچىنى ئەپ چىـقىپ كېتىشـكە بۇيرۇيدۇ) مۇتەھەم!؟ جانلىق دەلىل-ئىسپات ئالدىدا قارشىلىق قىلماقچىمۇسەن، ئەبلەخ! (غەزەپلىك ۋاقىرايدۇ)

**ئېلى پاششاپ:** (باش ئېگىدۇ)......

**ئابدۇرىشتخان:** ساڭا باشچىلىق قىلغان كىم؟

**ئېلى پاششاپ:** ئەيـتالمايـمەن... مەن ئۆزەم، سۇلـتان جاناپـلىرى (مىرزا ئېلى جىددىيلىشىدۇ، پاششاپقا تىكىلىدۇ).

**ئابدۇرىشتخان:** ئەيت، كىم! (ۋاقىرايدۇ)

**مىرزا ئېلى:** بۇ سۇيىقەستچىنىڭ جاجىسىنى بېرىش كېرەك (قىلىچىنى يېرىم چىقىرىدۇ).

**سەردار:** (بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ قىلىچ تۇتقان قولىنى تۇتىدۇ): ئالدىرىماڭ، جانابى باش ۋەزىر... (مىرزا ئېلى قىلىچىنى قېنىغا سالىدۇ).

**ئابدۇرىشتخان:** (پاشىشاپقا) ئەيت! كىم ساڭا قوماندانلىق قىلغان؟ (ئېلى پاشىشاپ ئاستا بېشىنى كوتىرىپ مىرزا ئېلىگە قارايدۇ، مىرزا ئېلى يانا قىلىچىنى چىقىرىپ ھەيۋە قىلماق بولىدۇ. ئەكرەم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئالىيدۇ. مىرزا ئېلى پەسىيدۇ).

**ئابدۇرىشتخان:** (ۋاقىرايدۇ) جاللات! (ئىككى جاللات يوغان قىلىچلىرىنى كوتەرگەن سۇرلۇك قىياپەتتە كىرىپ كېلىدۇ) ئەپ چىقىڭلار! (پاشىشاپنى كورسىتىدۇ، جاللاتلار ئۇنى سورەپ ماڭىدۇ، پاشىشاپ بولسا ھەممىنى قىلغان مىرزا ئېلى. ئاشۇ باش ۋەزىر تاپشۇرغان سۇلتان جاناپلىرى، دەپ ۋاقىرىغانچە چىقىپ كېتىدۇ) خوش، جانابى مىرزا ئېلى! (تىترەپ تۇرغان مىرزا ئېلىگە سوزلەيدۇ)، ئەمدى نىمە دەيلا؟! (مىرزا ئېلى سوزسىز، باش ئېگىدۇ) سوزلە، مۇناپىق! (قاتتىق ۋاقىرايدۇ، ھەممە چوچۇيدۇ...) ئۇمەر سازەندە ساڭا توسقۇنلۇق قىلدىمۇ؟ سانايى نەفىسنى تاقاشقا بۇيرۇق قىلغان كىم؟ ئامانىساخانغا زەھەر بېرىشنى ئۇيۇشتۇرغان كىم؟! رەھمەتنى نىمىشقا ئولتۇردۇڭ؟! خاندانلىقنىڭ مەدرىسىنى كويدۇرۇش ئىغۋاسىنى كىم توقىدى؟ پەرمانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قانداقچە پېتىندىڭ؟... سوزلە!!!... (غەزەپ بىلەن ۋاقىرايدۇ)

**مىرزا ئېلى:** (تىترەيدۇ) مەن، مەن... سۇلتان جاناپلىرى، (بەزىلەر غەزەپ بىلەن ھاياجانلىنىدۇ، مىدىرلىشىدۇ، ئىشان تىترەيدۇ) مەن جىنايەت قىلدىم...مەن، ھە، مەن...

**ئابدۇرىشتخان:** شۇنچە سوزمەن باش ۋەزىر ئەمدى ھەجەپ سوز-لىيەلمەيدىغان بوپ قاپتىغۇ؟ (ئەكرەمگە قاراپ) بۇنىڭ قىلىچ، ۋەزىر كىيىمنى ئال! (ئەكرەم كېلىپ قىلىچىنى ئالدۇ، ۋەزىر كىيىمىنىمۇ

سالدۇرىدۇ) سەن باشقىلارغا ئۇرغان قىلىچ ساڭا ئوتمەمدۇ؟
قېنى سەن ئوزەڭگە ئوزەڭ هوكۇم قىلچۇ!

**مىرزا ئېلى:** (خاننىڭ ئالدىغا يىقىلىدۇ) ئۇلۇغ شاهىم! مەن جىنايەتچى، مەن ئولۇمگە مەهكۇم...

**ئىشان:** (يوتۇلۇپ ئورنىدىن قوپىدۇ) سۇلتان جاناپلىرى، مىرزا ئېلىنىڭ جىنايىتى ئېغىر ئىكەن. ئوزىمۇ ئىقرار قىلدى. ئۇنىڭغا كېچىرىم قىلىشلىرىنى سورايمەن. مەن ئىلتىماس قىلىمەن، بىر قوشۇق قېنىنى تىلەيمەن (خاننىڭ ئالدىغا تىز چوكىدۇ).

**ئابدۇرىشتخان:** مەرهەمەت هەزرىتىم، قوپسىلا... (قولىدىكى يوگەك قەغەزنى قاۋۇل مىرزىغا ئۇزىتىپ) ئوقۇڭ.

**قاۋۇل مىرزا:** پەرمان. (هەممە ئورۇنلىرىدىن تۇرىدۇ) شۇل خۇسۇستا ئالاهىدە پەرمان چىقىرىلىدۇكى، مۇۋەققەت باش ۋەزىر مىرزا ئېلى سۇلتانغا قەست قىلىپ، خانلىق هوقۇقىنى تارتىۋېلىش مەقسىدىدە بولغانلىغى ئۇچۇن ۋە خانلىقنىڭ پەرمانىغا قارشىلىق قىلىپ، ئەلگە داۋاملىق ئېغىر زۇلۇم سالغىنى ئۇچۇن، بىر قاتار سۇئىقەستلەرنى ئۇيۇشتۇرغانلىغى ئۇچۇن، باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئولۇم جازا... (خان پۇتۇكچىدىن پەرماننى ۋە قەلەمنى ئېلىپ ئوزگەرتىپ قايتۇرۇپ بېرىدۇ) ئومۇرلۇك قاماق جازاسى بېرىلىپ زىندانغا تاشلانسۇن؛

سۇيىقەست ئىشنى ئېلىپ بارغۇچى مۇهاپىزەت ئىشلىرى ۋەزىرى ئېلى پاشاپقا ئولۇم جازاسى بېرىلسۇن؛

سابىق باش ۋەزىر مىرزا هەيدەر قايتىدىن باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەنسۇن.

قەشقەر ۋالىسى مەهەممەت بۇغرا پاشاپ بەگلىككە

تەيىنلەنسۇن.

خوجا قاسىم غەزىنىچى ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇ ۋەزىرلىككە شاھباز مىرزا تەيىنلەنسۇن.

مىرزا ئېلى تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان خانلىقنىڭ پەرمان-قارارلىرى قەتئىي ئىجرا قىلىنسۇن. ئۇنىڭ خائىنلىق مەقسىدى بىلەن چىقارغان قارار، بۇيرۇقلىرى تامامەن ئىنكار قىلىنسۇن.

بارلىق پۇقرالار ۋە ئەمەلدارلار ئەلگە ئامانلىق، پۇقراغا پاراۋانلىق كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشماقلىرى ھاجەت!

ئۇيغۇر خانى سۇلتان ئابدۇرىشىت.

ھىجرىيە توققۇزيۈزئاتمىشىنچى يىلى، موھەررەم. شەھرى ياركەن

(كوپچىلىك باش ئېگىپ، پەرماننى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ).

**ئابدۇرىشىتخان:** ئەپ چىقىشلار بۇنى! (ئىككى ياساۋۇل مىرزا ئېلىنى ئەپ چىقىپ كېتىدۇ. خان ئورنىدىن قوپىدۇ. باشقىلار تازىم قىلىپ خوشلىشىپ ماڭىدۇ).

**ئابدۇرىشىتخان:** مىرزا ھەيدەر بىلەن سەردار قالسۇن! (خان، خېنىم، مىرزا ھەيدەر، سەردارلار ئورە تۇرۇپ سوزلىشىدۇ.

**مىرزا ھەيدەر:** خېنىمنىڭ تەنلىرى سالامەتمىكىن؟ ئۇزلىرى خەتەر ئىچىدە كۇرەش قىللا.

**ئامانىساخان:** تۈزۈك، رەھمەت، جاناپلىرى ئېغىر رىيازەت چەكلە.

**مىرزا ھەيدەر:** ھېچۋەقەسى يوق.

**ئابدۇرشتخان:** بۇنڭغمۇ مەن سەۋەپكار.

**مرزا هەيدەر:** هچ نەرسە ئەمەس. ساۋاقـلار بزنى ئۈگتـدۇ.
بوران چقمسا قۇم ئاستدكى نەرسلەر ئېچلمايدۇ.

**ئاماننساخان:** توغرا، شۇنداق بولدى. ئەمما، قۇم ئاستغا موككەن
يلاننڭ تېنى چانالدى ـ يۇ، بېشى قەپقالدى. ئشان....

**ئابدۇرشتخان:** ئشان مرزا ئېبلى ئەمەس. ئۇنڭ ئارقـسـدا
كشلەر جق. يەنە، دىن مەسلسى بار. لېـكن تېـنى يوق
يلاننڭ بېشى هەركەت قلالمايدۇ ـ دە.

**مرزا هەيدەر:** بۇ توغرا، ئوتكەن نوۋەت ئۇلار هۇجۇم قلـغاندا،
مەن ئۇلارغا كاۋاك ئېـچىپ بەردم. ئاشۇ ۋاقتتا سۇلتان ئالـ
لىرى شۇنداق تەدبر قولـلانـمـسا بولمايتـتى. مەن، كېـين
جق ئويلنىپ شۇ قارارغا كەلدم. لېـكن، بۇ ئەبلەخلەرنڭ
بۇ دەرىجدىكى قارا نىيتنى مولچەرلىيەلمگەن ئكەنمەن.

**ئابدۇرشتخان:** مەن هۇشيار بولمەن دىدم، لېكن، يەنە بخۇت
بولۇپ قالدم. بۇ بر مەزگىلدىن بېرى شۇ قەدەر روهىي ئازاپ
تارتتمكى...هەممە خاتالىق ئوزەمدە "ئوزەم تاپقان بالاغا نەگە
باراي داۋاغا"، بۇ كىشى مېنى قامچىلاپ تۇردى (ئاماننساخاننى
كورستدۇ). ماڭا قارىغاندا هۇشيار بولدى، شۇڭلاشقمۇ دۇشمەنـ
نڭ قەستـگە ئۇچرىـدى. مەن ئاخـشام ساۋاقـلارنى ئويـلاپ
بر غەزەل يازدم (يانچۇغدىن بر بەت قەغەزگە يېزىلـغان شېرنى
چقرىدۇ).

**ئاماننساخان:** مەن ئوقۇپ بېـرەي (شېرنى ئالدۇ. ئوقۇيدۇ، بارغانچە
ئشتياق بىلەن ئوقۇيدۇ):

ئېگلىپ قلسا سالام مەكـكار ئـكەن بلـمەپتـمەن،

قاش ئېتىپ ئۇيناتسا كوز ھەييار ئىكەن بىلمەپتىمەن.

قەدىردانىم ئۆلپىتىم سەن جان ـ جىگەر دوستۇم دىسە،
يەڭ ئىچىدە خەنجىرى تەييار ئىكەن بىلمەپتىمەن.

گايىدا بازغانمۇ ئۆردۇم، گايىدا باستىم كويەك،
ئوتتا تاۋلاپ كورمىگەچ قۇرچمۇ ـ تومۇر بىلمەپتىمەن.

ئايلىنىپ باغلار ئارا قازدىم باھاسىز تاشنى مەن،
ئۇستا زەرگەر بولمىغاچ ئالتۇنمۇ ـ مىس بىلمەپتىمەن.

ئەمدى تاپتىم ئاخىرىدا چىن ۋاپادار دوستنى مەن،
ئاغرىتىپ ئېيتقان سوزنىڭ مەنىسىن بىلمەپتىمەن.

كوزلىرىمگە ماي تولۇپ، ئەكسىچە كورگەن چاغلىرى،
ئېچىنىپ تىككەن كوزنىڭ زەردەسىنى بىلمەپتىمەن.

ئەي رەشىدى ئىچمىگىن بىخۇد شارابىن ئەمدى بەس،
جامدا مەي بارمىكىن، ياكى زەھەر بىلمەپتىمەن.

**مىرزا ھەيدەر:** بەك ياخشى..... ساۋاقلارنىڭ ئوبدان يەكۇنى ئاجايىپ ياخشى يېزىلغان.

**ئامانىساخان:** ياخشى، ئالى جاناپ مەپكۇرە.

**ئابدۇرىشتخان:** بېرىلگەن بەدەلنى ئويلىسام كوڭلۇم ئاغرىيدۇ.

**ئامانىساخان:** سۇلتان ئاللىرىنىڭ بۇدا نىيىتى قەتئى، تەدبىرى

كەسكىن بولدى. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئويلىشىش لازىم.

**ئابدۇرىشىتخان:** (ئويلايدۇ، مېڭىپ بىر ئايلىنىپ توختايدۇ) ئادىل بولۇش، ئەلنى ئويلاش، ھوشيار بولۇش (كوتىرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن سوزلەيدۇ).

**سەردار:** ئىنىتايىن ياخشى سۇلتان. مانا بۇ، ساۋاقلارنىڭ مېۋىسى.

**ئامانىساخان:** ئەكرەم شاراپ كەلتۈرۈڭ. (ئۇچەيلەنگە قاراپ) بۈگۈنكى غالىبىيەت، كەلگۈسى شەرەپ ئۈچۈن بىرەر قەدەھتىن ئىچەيلىك (ئەكرەم پەتنۇستا شاراپ ئەپ كىرىپ تۇتىدۇ). داڭلىق شائىر ئاتايىنىڭ بىر روبائىسى يادىمغا چۈشتى (ئۇ قەدەھنى كوتىرىپ دىكلىماتسىيە ئاھاڭىدا شېئىرنى يادقا ئوقۇيدۇ):

"ساقىيا كەلتۈر مەيى گۈلگۈننى خوش دەمدۇ بۈگۈن،
بارچىدىن مەجلىستە مەي جامى مۇقەددەمدۇر بۈگۈن،

كەل دەمى مەيخانىنىڭ بەپتۇل ھەرەمىن قىل تاۋاپ،
كىم سەنەملەر لەبىدىن مەي ئابى زەمزەمدۇر بۈگۈن."

**ئابدۇرىشىتخان:** ئاپىرىن!

**مىرزا ھەيدەر، سەردار:** بارىكاللا!

(خوشال ھالدا قەدەھنى كوتىرىشىدۇ)

— پەردە چۈشىدۇ.

# ئالتنچى پەردە

## ئىككنچى كورۈنۈش    تەنتەنە

[بىر يىل كېيىن.

[ياركەندنىڭ گۈزەل كۈز كۈنلرى.

[جاراڭلىق ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى بىلەن پەردە ئېچىلىدۇ.

شەھەر تېشىدا ـ مىشا دەرياسى بويىدىكى چوڭ باغ، يىراقتا ـــ ئۇدۇلىدا دەريا كورۈنۈپ تۇرىدۇ، باغدا ئالما، ئانار، شاپتۇللار پىشىپ كەتكەن. ئۈزۈم بارىڭىدا ھەر خىل چىرايلىق ئۈزۈملەر ساڭگلاپ تۇرىدۇ.

[ئوڭ ياقتا چوڭ بىنانىڭ يېرىم كورۈنۈشى، ئۇنىڭ ئالدىدا تۈۋرۈكلىرى نەقىشلىق چوڭ شىپاڭ، پەس شىرەلەرگە ھەر خىل مىۋىلەر، نانلار تىزىلغان، شىرەلەرنى ئايلاندۇرۇپ (گىلەم ئۈستىگە) كورپە سېلىنغان، بىرنەچچە ياستۇق قويۇلغان، شىپاڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان ۋە ئورە ـ تۆپە كىشىلەر، بەگ ـ تورىلەر، سەللىلىك موللىلار، بىر چەتتە سۇپىدا سازچىلار، مىۋە توشۇپ خىزمەت قىلىپ يۈرگەن خىزمەتچىلەر... دەرۋا ـ زىغا سوزۇلغان. ئىككى چېتى گۈللۈك يول ياقىسىغا كىشىلەر تىزىلغان، سەھنە ئەتراپىدا، يول بويىدا ياساۋۇللار.... كىمنىڭدۇر كېلىشىنى كۈتۈشىدۇ.

[كىشىلەر "كەلدى، كەلدى" دەپ دەرۋازا ياققا قارىشىدۇ. ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى كوتىرىلىدۇ، ساز جاراڭلايدۇ. قىز ـ يىگىتلەر ئۇسۇل ئويناپ تاشقىرىغا چىقىشىدۇ، ئۇزاق ئوتمەي، ئالدىدا قىز ـ يىگىت ئۇسۇلچىلار كىرىدۇ، كېيىن خان ۋە مېھمانلار كىرىدۇ: ئوتتۇرىدا ئابدۇرىشىتخان، ئۇنىڭ يېنىدا سول ياقتا ئامانىساخان، ئۇنىڭ يېنىدا مىرزا ھەيدەر، سول ياقتا ئوسمان سەردار، ئۇنىڭ يېنىدا ئومەر سازەندە، ئارقىسىدا باشقا بىرنەچچە ئەمەلدار، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ياساۋۇللار.... ئۇلار

تەنتەنىلىك مېڭىپ شىپاڭ ئالدىغا كەلگەندە ۋەزىرلەر ۋە باشقا بىر قىسىم بەگ-تۆرىلەر ئۇلارنى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالىدۇ. خان، خېنىملار شىپاڭغا چىقىپ كۆپچىلىككە ئورۇلىدۇ ساز توختايدۇ).

**مىرزا ھەيدەر:** ئۇلۇغ سۇلتان جاناپلىرىنىڭ ۋە ئاغىچە خېنىمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي! (توۋلاپ سوزلەيدۇ، كىشىلەر چۇقان-سۈرەن قىلىدۇ، بىر پەس ساز چېلىنىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا ئالدىنقى پەردىدىكى يۇرت ۋەكىللىرى ۋە بىر قىسىم كىشىلەرمۇ بار.)

[مىرزا ھەيدەرنىڭ تەكلىۋى بىلەن خان، خېنىم ۋە باشقا ۋەزىر-ۋۇزرالار ئورنى بويىچە كۆرپىگە ئولتۇرۇشىدۇ. باشقا بەگلەر شىپاڭنىڭ ئىككى يېنىدىكى شىرە چۆرىسىدە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشىدۇ.

**قاۋۇل مىرزا:** (ئېلان قىلىدۇ)؟ مۇقام تەنتەنىسىگە تەييارلانغان بەزمە ئولتۇرۇشىمىز ھازىر باشلىنىدۇ، ئاغىچا خېنىم ھەم قىدىر-خان، ئۆمەر سازەندە جاناپلىرى رەتلەپ چىققان، تولۇقلىغان ئۇيغۇر مۇقامىدىن سۇلتان ئالىيلىرىگە بايانات بېرىلىدۇ.

**قىدىرخان:** سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ چوڭ غەمخورلۇغى بىلەن ۋە ئامانىسا خېنىمنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكى بىلەن مۇقام ئاساسەن رەتلەپ چىقىلدى. ھازىر رەتلەنگەن مۇقام ئون ئىككىگە يەتتى. ئون بەش يىلغا يېقىن قىلىنغان ئەمگەك بىكارغا كەتمىدى. ئۇتۇق چوڭ. بۈگۈن مۇقام توغرىسىدا قىلىنغان ئىشىمىزنىڭ نەتىجىسىنى سۇلتان ئالىيلىرىغا بايان قىلىش ئۈچۈن "پەنجىگاھ" مۇقامىنىڭ بىر قىسمى جانابى ئۆمەر سازەندە باشچىلىغىدا ئورۇنلىنىدۇ! (تۇۋەندە — سول ياقتىكى سۇپىدا سازچىلار مۇقامنى باشلايدۇ، ئۆمەر سازەندە — ساتار بىلەن "پەنجىگاھ" چوڭ نەغمە مۇقامىنىڭ باشلىنىشىنى ئورۇنلايدۇ)

ئايا دوستلار ئىشتىكەيسىز مۇقامىمنى بايان ئەيلەي،

مۇقام نامى بىلەن قۇتلۇق سالامىنى بايان ئەيلەي.

كى راكتىن باشلايىن ئەلگە مۇقاملار توھپە بولغاي دەپ،
ساتارىم تارىغا تەگكەش قىلىپ نەغمە بايان ئەيلەي.

جەبىيات ـ مۇشاۋىرەك رىشتە بولۇپ دىللەرگە جا بولغاي،
چىمەندە سايرىغان بۇلبۇل كەبى داستان بايان ئەيلەي.

چالاي قالۇننى چارگاھغا ئانىڭ مېغىزىن چاقاقايىسىز،
كوگۇللەر شادمان بولغايكى مەشرەپنى بايان ئەيلەي.

دۇتارىم پەنجىگاھ مەرغۇلىغا مۇڭلۇق پىغان چەككەي،
ئۇز ھالنى تەزەسى بىرلەن خالايىققا بايان ئەيلەي.

ئەجەم خەستە كوگۇللەر دەردىگە ياخشى شىپا بەرگەي،
چېلىپ قوشاقنى ئەۋجىگە نۇسخىسى بىرلەن بايان ئەيلەي.

بايان قىلغاي باياتى خەلقىمىزنىڭ مۇددىاسىنى،
ناۋانىڭ پەيزىدە پەرھات ـ شىرىننى بايان ئەيلەي.

سىگاھ سەلىقەسى بىرلەن قوشۇلسا مەزە قىلار ئاشىق،
ئىراق ـ جۇلا، سەنەمچى قىز ـ يىگىتلەرنى بايان ئەيلەي.

كەل ئى ساقى شاراپ سۇنغىل ئىچەيلىك يايرىسۇن دىللار،

يارانلار سىللە سازەند تۇشتى مەشرەپكە بايان ئەيلەي.

[پەنجگاھنىڭ تەزىسى، ھەممە چالغۇچىلار ساز چالىدۇ.
[ناخشا — جور:
رەتلىنىپ قۇتلۇق مۇقام جار بولدى ئەلگە ئاقۇەت،
تەلمۇرۇپ كۇتكەن تىلەك ئاشتى ئەمەلگە ئاقۇەت.

ئوتتى ئون بەش كۇز، باھار، كۇلدى مۇقام پورەكلىرى،
كەتمىدى ئارمانلىرىم بىھۇدە سەلگە ئاقۇەت.

خەلق مۇقامىغا بېقىپ تەلپۇندى ئاشىقلار ھامان،
تولدى شاتلىق ناگۇلا - غەمكىن كوڭۇلگە ئاقۇەت.

باغ ئارا گۇل ئىشقىدا بۇلبۇل باقاسى جاك ئىدى،
سايرىدى خەندان ئۇرۇپ قونغاندا گۇلگە ئاقۇەت.

ياڭرىغاندا نەغمە، مەشرەپ، داستان مەرغۇللىرى،
ئەۋجىدىن ئاسمان - زىمىن تولدى غەزەلگە ئاقۇەت.

باق، مۇغەننىلەر ئەنە چالماقتا زوق بىرلە جۇلا،
قىز - يىگىت جەۋلان قىلىپ چۇشتى سەنەمگە ئاقۇەت.

ئەي نەفسى، تەمبۇرۇڭنى سايرىتىپ چالساڭ ھۇنۇز،
شۇ مۇقامدىن جامىمىز تولغاي ھەسەلگە ئاقۇەت.

[تەزىنىڭ مەرغۇلى....
[نۇسخە ــ خور:
باغ ئارا سەيلە قىلىپ ئول مېھرىۋان يارىم كېلۇر،
زوقلىنىپ بۇلبۇل كۇيىگە ئەينە جانانىم كېلۇر.

تەلمۇرۇپ توت كوز بىلەن كۇتتۇم كوزى خۇمارىنى،
يارىغا رەھىم ئەيلىدى دەرت بىرلە دەرمانىم كېلۇر.

ئۇل رەقىپ شۇم پەيلىدىن ئەندىشىدە كوڭلۇم ھامان،
غالىبانە ئات سېلىپ مەردانە خاقانىم كېلۇر.

يار ئۇچۇن جانىم تەسەددۇق مەيلى ئولسەم رازىمەن،
ئىشق ھىجرىدە سىنالغان چىن ۋاپادارىم كېلۇر.

شامگە ھىسداش بولۇپ قىلدىم پىغانۇ ـ ناللار،
قۇتقۇزۇپ پەرۋانىنى شەپقەتلى سۇلتانىم كېلۇر.

كېچىلەپ بوزىلايدۇ شىرىن يار پىراقىدا ھەجەپ،
ئەي نەفسى بولما مەيۇس ئەينە پەرھادىم كېلۇر.

[مەرغۇل ــ "جۇلا"غا يوتكىلىدۇ. "جۇلا"غا يالغۇز ئۇسۇل ـ دولان ئۇسۇ-
لىنى بادامخان ئورۇنلايدۇ.
[خور ــ ناخشا:

خەلق ئۇچۇن جان كويدۇرۇپ،

ئاقسا تېرىلىڭ بولما مالال.
ساڭا بەرگەن نان ۋە تۇزنى،
ئاقلىغىن ــ يىگىن هالال.

ئەل ساڭا بىلدۇرسە هورمەت،
ئۇ ساڭا ئالى شەرەپ.
بارلىغىڭنى بەر ئاڭا،
قويغىل ئوزەڭگە چوڭ تەلەپ.

سەن ئەگەر ئەلنى دىسەڭ،
بولغۇسى خەلقىڭ باش پانا.
گەر بېشىڭغا كەلسە غەم،
بولۇر ساڭا ئاتا ـ ئانا.

ئەل ئۇچۇن مېهرى مۇهەببەت،
هەممىدىن ئەلا ساڭا،
ئوتىدا پەرۋانىدەك،
كويسەڭ بۇ هال لەززەت ساڭا.

سەن ئەگەر پىدا بولۇپ،
ئەل يولىدا بولساڭ شېهىت،
ئارمىنىڭ بولماس جاهاندا،
روهىڭ ئولمەس مەرت يىگىت.

دوستلىرىڭ، ئەۋلاتلىرىڭ،
چاچقاي بېشىڭغا ئۈنچىلەر.
نامىڭ ئۆلمەس تائەبەت،
ئاچقاي قىزىل گۈل-غۇنچىلەر.

[ساز "سەنەم"گە يوتكىلىدۇ.
[قىز-يىگىتلەر ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.
[1. سەنەم، (تەخسە ئۇسسۇلى)
[2. سەنەم، (ئەرلەر ساپايە ئۇسسۇلى)
[3. سەنەم، (قىزلار كىچىك داپ ئۇسسۇلى)
[4. سەنەم، (ئومۇمى دولان ئۇسسۇلى)
[ئۇسسۇللار بىر بىرىگە ئۇلاپ داۋام قىلىدۇ، ئۇسسۇلچىلار ئىنتايىن ماھا-رەت بىلەن ۋە ئىشتىياق بىلەن ئوينايدۇ. 2-، 3-سەنەم يۇقۇرى دولقۇنغا كوتىرىلىدۇ.
[كىچىك سەلىقە ــ يالغۇز (ئايال) ناخشا (بادامخان ئېيتىدۇ):

ساتارىمنى مۇقام پەيزى بىلەن سازلاپ چالاي دەيمەن،
قىلىپ نەغمە شۇ يارنىڭ كوڭلىنى بىر پەس ئالاي دەيمەن.

نە بولدى بىلمىدىم ھەرگىز ئېچىلماس يارنىڭ كوڭلى،
ئۇنىڭ دەردىنى بىلمەككە ۋىسالىغا باراي دەيمەن.

كى باردۇر بۇ يولۇمدا تاغ-داۋانلار گەر بالا دەشتى،
بېلىمنى سەيلىدە باغلاپ ھامان ئالغا باساي دەيمەن.

ئۇ تۇتقۇن، دىۋە-مەلئۇنلار ماكانى قارا زىنداندا،

هاياسىز شۇم رەقىپلەرنىڭ ماكانىنى چاقاي دەيمەن.

تومۇر قەپەز ئىچىدە دىلبىرىم قىلماقتا كوپ پەريات،
رەقىپ كوكسىگە ئوتلۇق زۇلپىخارىمنى سالاي دەيمەن.

كۇلۇپ يار شادىيانە، ئۇز كامال-ھوسنىگە تولغاندا،
ئۇنى قۇتلاپ بويىغا گۇل ھىدى، رەيھان چاچاي دەيمەن.

[سەلىقەنىڭ مەرغۇلى....
[ساز "داستان"غا يوتكىلىدۇ.
[2-داستان، ساز — خور:
جانىدىن كەچكەن يىگىتنى يارى جاناندىن سوراڭ،
شام ئوتىنىڭ پەيزىنى پەرۋانە غەمخاندىن سوراڭ.

بىۋاپا شەرمەندىلەر ئەقدىنى يەرگە ئۇرار،
چىن ۋاپانىڭ قىممىتىنى بىباھا جاندىن سوراڭ.

مەنلا بىر دۇنيادا دەپ يۇرگەن ھاماقەتتىن قېچىڭ،
ئەقلى-ئىدرەك جەۋھىرىنى خەلقى جاھاندىن سوراڭ.

تېشى پال-پال"ئاشنا"، ئادەم ئەمەس ئالدامچى ئۇ،
چىن مۇھەببەتنى چىن ئاشىق قىز ۋە ئوغلاندىن سوراڭ.

باغ ئىچىدە شوخ ئېچىلمىش رەڭمۇ-رەڭ مىڭلەرچە گۇل،

ئاشۇ گۈلدىن قايسى ئۈز بولبۇل غەزەلغاندىن سوراڭ.

ئاھ! غەزەل ـ نەغمە كىشىنىڭ كۆڭلىگە بەرگەي ئارام،
قەدرىنى سازنىڭ، مۇقام ئۇستازى دەۋراندىن سوراڭ.

ئەي، نەفسى يول يىراق، بايقاپ بېسىڭ مەزمۇت قەدەم،
چۆل باياۋان تاغ ـ ئېدىرنى يولچى كارۋاندىن سوراڭ.

[2 ـ داستان مەرغۇلى ــ ساز....
[3 ـ داستان، يالغۇز (ئەر) ناخشا:

ۋاپادار كۆڭلىگە ئازار قىلما،
ئارىغ سۆيۈنچىنى پەرياد قىلما.

سېنىڭدىن بەخت كۈتۈپ قىلسا ئەقىدە،
يۈرەك ـ باغرىنى سەن قان ـ لەختە قىلما.

ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس ھاماقەت،
ۋاپاغا كەلتۈرەر ئۇچمەس پالاكەت.

ۋاپاسىز قىلمىش ئىلە ماختانىسمۇ گەر،
تاپقاي ئۆزىگە ئاخىر مالامەت.

ۋاپانىڭ قەدرىگە يەتكەي ۋاپادار،
ۋاپادار قەلبىنى تۇتقاي ئۇمىتۋار.

ئوزىگە قەدىردان دوستنى سىۋەر ئۇ،
ئەزىز بىلگەي سىۋىنچىنى تاشلىماس يار.

ۋاپادارلىق گۇلى سولماس جاھاندا،
قىدىناسلىق بىلەن ئوتكەن ماكاندا.

بىرى، بىر بىرىگە بولغاي مەدەتكار،
كۇلەرلەر ھەر قاچاندا، ھەر بىر زاماندا.

[3 ـ داستان مەرغۇلى ـــ ساز...
[ساز مەشرەپكە يوتكىلىدۇ.
[1. مەشرەپ ـــ خور، بىرلەشمە ئۇسۇل.

ئومرۇڭنى ياددوس چىكى يوق دىمە،
"تۇگىمەس ئەتىياز، كۇزى يوق" دىمە.

غۇنچىلەر چۇمەندە كۇلەر، ۋە لىكىن ـــ
ئاخىرى سولار ئۇ، توزىماس دىمە.

ياشلىغىڭ كەتتىمۇ كەلمەيدۇ ئەبەت،
قول سوزساڭ يەتمەيدۇ بەرمەيدۇ مەدەت،

پۇشايمان بىلەن زارلاپ قىلسەن ئارمان،
ئارمانغا ھىچ دەرمان تىپىلماس پەقەت.

دۇنياغا كەلدىڭمۇ ئادەم بولغۇلۇق،
ئەل ئۈچۈن كوڭۈلدىن خىزمەت قىلغۇلۇق.

مەنىسىز ئادەم ئۇ، چىن ئادەم ئەمەس،
جاھانغا پاپدىسىز ئوشۇق بىر مەخلۇق.

مەنىلىك چىن ئادەم بولىمەن دىسەڭ،
ئەل بەرگەن تۈزنى سەن ئاقلايمەن دىسەڭ،

ياشلىق باھارىڭنىڭ ۋاقتىنى چىڭ تۇت،
ئاناڭنىڭ سۈتىنى ئاقلايمەن دىسەڭ.

[3 ـ مەشرەپ، خور، بىرلەشمە ئۇسۇل:

چالغۇ ـ ساز ئەتمەك بولۇپ،
سالدىم ياغاچقا رەندىنى،
يار بولۇپ دەرتمەنلىگە،
كەيدىم كۇلاھو جەندىنى.

كەمبەغەل كەيسە كۇلانى،
شەيخلىرىڭ ئادەم ئەمەس؛
ئولگىچە ئىبتسام مۇقامنى،
مەن ئۈچۈن ماتەم ئەمەس.

كىم ھەۋەسكار بولمىسا،
بىلمەس مۇقامنىڭ قەدرىنى،
كىمكى دەرتمەت بولمىسا،
بىلمەس ساتارنىڭ دەردىنى.

دەردى بار دەرتمەنلىگە،
مۇقام كۈيى بولغاي داۋا.
خەستە كوڭلىنى خوشال قىل،
چال ئەجەم نەغمە ـ ناۋا.

گەر سەنەمگە چۈشسە قىزلار،
باق ئۇسۇل جۇلاسىگە.
زوقلۇنۇپ مەپتۇن بولۇرسەن،
كوزلىرى خۇمارىگە.

سەن خۇمار بولساڭ مۇقامغا،
قىلغىن ئۇنى دىلىڭگە جاھ.
دوست تۇتۇپ سازەندىنى،
قىل ئاڭا چىن ئىلتىجا.

[5 ـ مەشرەپ ــ خور، بىرلەشمە ئۇسۇل:
ئالدىراپ بەرمە كوڭۇل جانانە دىلدار بولمىسا،
سۇنمىغىل دەستە گۇلۇڭنى مېھرىۋان يار بولمىسا.

گۇلمىگىن، رەيھانمىگىن ئۇ، كوز ئېچىپ باققىن ئاڭا،
سايرىماس ئۇرغۇپ راسا بۇلبۇلغا گۇلزار بولمىسا.

بولمىغىل خۇشتار ئۇنىڭ ئايدەك جامالىغا قاراپ،
نە كېرەك گۇزەللىگى دەردىڭگە ھەمكار بولمىسا.

راست جاپاكەش ئەھلىمۇ ئۇ ياكى بىر ئاق نانچىمۇ،
يولدا يولداش بولمىغايكىم چىن ۋاپادار بولمىسا.

بولمىدى ھازىرغىچە پەرۋانىنىڭ سىرى ئايان،
يار ئەمەس پەرۋانىدەك شامغا پىداكار بولمىسا.

ئەي نەپسى، ئەل غېمى بولسۇن سېنىڭ قايغۇ-غېمىڭ،
ئارزۇيۇڭ ئاشماس ئەمەلگە ئەل مەدەتكار بولمىسا.

[ھەر بىر مەشرەپتە بىر خىل (بىر جاينىڭ ئۇسۇلى ئوينىلىدۇ، ئويۇنچىلار 20 كىشى، بىر بوۋاي ۋە بىر موماينىڭ ئۇسۇلى، بادامـخان بىلەن بىر يىگىتنىڭ ئۇسۇلى گەۋدىلىنىدۇ. ئۇسۇللار بارغانچە دولقۇنغا كوتىرىلىدۇ: ئاخىرى يۇقۇرى ئەۋجىگە چىقىدۇ....

[شىپاڭدىكىـلەر ئورنىدىن تۇرىـدۇ، ساز، ناغـرا-سۇناي جاراڭلايـدۇ. قىزغىن چاۋاكلار بىلەن پەردە چۈشىدۇ.

ـــ تامام

سەيپىدىن ئەزىزى

# ئامانىساخان

(تارىخىي دراما)

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1983 - يىل 2 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1983 - يىل 2 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
قاتتىق مۇقاۋىلىقىنىڭ باھاسى: 0.74 يۈەن
ئاددىي مۇقاۋىلىقىنىڭ باھاسى: 0.24 يۈەن

**阿曼尼莎汗**
**(历史剧)**
(维吾尔文)
赛福鼎
民族出版社出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷
开本：850×1168毫米1/32　印张：4
1983年2月第1版
1983年2月北京第1次印刷
精装本：0001—500　册　定价：0.74元
平装本：0001—21,500册　定价：0.24元
书号：M10049(4)143

封面设计 王 [illegible]

书号 M10049(4) 143
定价 0.24元